

4

1987

## «تەڭرىتاغ» قەسىدىسى

**سەيپىدىن ئەزىزى**

ئەسىرى چىمەنگە ياراشقان «تەڭرىتاغ»،
گۈل چىمەنگە غۇنچە قوشتۇق گۈلدى باغ.
قوش قوشاق، ناخشاڭ ساداسى ياڭرىسۇن،
ئاسرا باغنى تەگمىسۇن ئىللەت ۋە داغ

**«تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

جەننەتنى ئۆيگە كىرەلىگەن ئۆگەي بالا (ئوچېرك) .......... مەمتىمىن ھەزرىت
ئادەمىي ــ ئۇلۇغ ئادەم (ئەدەبىي ئاخبارات) .......... ھەبىبۇللا مۇھەممەت،
جېلىل ئابدۇراخمان
ئونبەش توپ دەرەخ (ھېكايە) .......................... ھەبىبۇللا رېتىپ
ھەممىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار (شېئىر) .............. تۇمۇر داۋامەت
خائىن تاغلار (شېئىر) .......................... ئەخمەتجان ئوسمان
ئانىلىق قەسىدىسى (نەسىر) .......................... ئەخمەت ئىمىن
ۋەتەن رىشتىسى (ھېكايە) .......................... مۇھەممەت لېتىپ
مېنى ئايىغىن قىزىم (ھېكايە) .......................... قادىر ئارسلان
ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايە .......... ئابدۇراخمان ئەبەي
تاشچى ئۇستامنىڭ ھېكايىسى (ھېكايە) .............. پەرھات جىلان
بىر قاچا سۇيۇقئاش (ھېكايە) .......................... تۇرسۇن تىلىۋالدى
«تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» باھالاش ھەيئىتى

**تەڭرىتاغ تەھرىر ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

ھەبىبۇللا رېتىپ، ئەخمەت ئابدۇللا، مۇھەممەت پولات، ھەسەن تىلىۋالدى، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، مۇھەممەت روزى يارقىن، ئابلىكىم باقى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

4

1987

# تەڭرىتاغ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى

تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ



ئاددىي ـــ ئۇلۇغ ئادەم (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... ھەبىبۇللا مۇھەممەت، جېلىل ئابدۇراخمان 1

ئالتۇن قېزىش كۈرىشى (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... ۋېيچىڭ (سۇلايمان ئابدۇل تەرجىمىسى) 15

ئوت شەھىرىدىكى ئوتلۇق نەپەسلەر (شېئىرلار) ...... نەخمەت ئىمىن، ئابلىكىم باقى، مۇھەممەت روزى يارقىن، قادىر ئارسلان، ياسىن مۇخپۇل، باۋدۇن نىياز، جېلىل مۇھەممەت، ھەسەن تىلىۋالدى ...... 29

يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە (ئوبزور) ...... مۇھەممەت پولات 37

خىسلەتلىك كۆز (ھېكايە) ...... مەمتىمىن ھەزرەت 50

ئونبەش تۈپ دەرەخ (ھېكايە) ...... ھەبىبۇللا رېقىپ 56

نام چىقىرىش (مىكرو ھېكايە) ...... ئىدرىس بارات 60

تەھرىرگە ئەۋەتىلگەن «ئەسەر» (مىكرو ھېكايە) ...... مۇھەممەتجان جېلىل 61

ئىككى ھېكايە ...... ئالىم مۇقىيىت 63

ۋەتەنداشلار ئارىسىدا (ھېكايە) ...... مۇھەممەت لېتىپ 69

ياشلىق چۇقانلىرى (شېئىرلار) ...... ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئەخمەتجان ئوسمان، غالىپ راخمان، باتۇر روزى، پەرھات ئىلياس، ئەزىزى، ئادىلجان تۇنىياز ...... 76

خىسلەتلىك تاش بالا (چۆچەك پوۋېست) ...... مۇھەممەت روزى يارقىن 79

زويا (داستان) ...... نازىم ھېكمەت (ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر تەرجىمىسى) 98

شۇنداق بىر ئەدەبىيات يارىتالىغۇچى ... (ئايتماتوپ بىلەن سۆھبەت) ...... پەرھات جىلان تەرجىمىسى 104


1988 - يىل 1 - سانىدىكى قىسمەن ئەسەرلەر


مەھمۇت قەشقەرى (تارىخىي رومان) ...... پەرھات جىلان

ئوتلۇق چەمبەر (تارىخىي رومان) ...... خىزمەت ئابدۇللىن

غەزەللەر ۋە شېئىرلار ...... ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

شېئىرلار ...... ئىبراھىم تۇردى

تەۋەككۇل سەپەر (ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە) ...... ئەركىن ئەمەت



مۇقاۋىنى نىياز كېرىم لايىھىلىگەن، تىتولنى بايىز ردىن تەشىك ئىشلىگەن.

نەقىش نۇسخىلىرىنى سېتىنىياز ئولمايىت سىزغان.

مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم نامان، خەلچەم ئابلىمىت.

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى**

**مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر**




ئىلىم يولىدا ئەلەم چەككەن ئادەم،
ئەلەم ئەمەس، بەختكە قويىدۇ قەدەم.
— كامالىددىن بىنائى

## 1

ھاياتىمدا ھەشەمەتلىك توي، داغلىق ئەرباپلارنى قارشى ئېلىش يىغىنى، كاتتا ئەمەلدارنىڭ دەپنە مۇراسىمى دېگەندەك دەبدەبىلىك نۇرغۇن سورۇنلارغا داخىل بولۇشقا كۆپ قېتىم توغرا كەلگەنىدى، بۇنداق سورۇنلار ئادەتتە قاتناشقان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، كەيپىياتىنىڭ جىددىيلىكى، ھەشەمەت داغدۇغىسىنىڭ تولىمۇ يۈكسەكلىكى بىلەن كىشىنى ئىختىيارسىز ھەيرەتتە قالدۇرۇپ «پاھ، بۇ كىمنىڭ شەنىگە ئاتالغان ئىشتۇ؟» دېگەن سوئالنى قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنداق تەنتەنىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىشىپ، ئۆزلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاشۇ تەنتەنە سادالىرىغا مەسخۇش بولۇشىدۇ. راستىمۇ-يالغانمۇ بىلمىدىم، قايسىبىر مەشھۇر ئەرباب مەلۇم جايغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بارغاندا، بەزىلەر كاتتا تەنتەنە پەيدا قىلىپ، ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن نەچچە مىڭ دېھقاننى ئىشتىن توختىتىپ ئەپكېلىپ يولنىڭ چېتىگە تۇرغۇزغانىنى ئاز دەپ، يەنە دەرەختىن كېسىۋېلىنغان شاخلارنى نەچچە كېلومېتىر يولنىڭ ئىككى چېتىگە سانجىتقۇزغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تەبىئەتنىڭ بۇ نەيرەڭۋازلىققا ئاچچىقى كەلدىمۇ، تۇساتتىن بوران چىقىپ، سانجىپ قويغان شاخلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپ، بۇ ساختىپەزلەر ئارماندا قالغان. ئىشقىلىپ بۇنداق ئىشلاردا كۆزلەنگىنى پەقەت بىرلا مەقسەت — شان-شۆھرەتتۇر. بۇنىڭغا بەزىلەر ھوقۇق-

ھەرتۈۋسى بىلەن ئېرىشسە، بەزىلەر ئىككى يۈزلىمىلىك، خۇشامەتچىلىك ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئېرىشىشكە ئۇرۇنىدۇ.

مەيلى داھى بولسۇن، قەھرىمان ياكى باشقا كىشى بولسۇن، ئۇنىڭغا شان-شەرەپنى خەلق بېرىدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئىز قالغۇدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئادەملا بۇنداق بەختكە سازاۋەر بولالايدۇ. ئۇنىڭ سىماسى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشنايدۇ. مانا، بۇنى ھەقىقىي شان-شەرەپ دەپ ئېيتسا بولىدۇ.

1985 - يىلى ياز، مەلۇم بىر كۈنى ئەتىگەندە «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» باش مۇھەررىر ئىشخانىسىدا جىددىي يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. ئادەتتە بۇ يىغىن شۇ كۈنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىدىغان خەۋەر-ماقالىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ 10 مىنۇتتىلا ئاخىرلىشاتتى. بۈگۈن باشقىچە، پەۋقۇلئاددە بىر مەسىلە كۆپچىلىكنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتاتتى. ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى تويۇقسىز كەلگەن ئون نەچچە پارچە مەرسىيە ۋە تەزىيە نامىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ مۇزاكىرىگە قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا كىشى — ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىسىغا بېغىشلانغانىدى.

ئاددىي ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاجرىتىپ، مەرسىيە ئېلان قىلىشقا بولامدۇ — يوق؟

بۇ كەسكىن مەسىلە ئىدى!

لېكىن كۆپچىلىك تېزلا بىر پىكىرگە كەلدى. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يىغىننىڭ قارارىنى ئېلان قىلدى:

«گېزىتتە مۇسىبەت خەۋىرى بېرىلىدۇ. مەرسىيىلەر ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاجرىتىلىدۇ.»

شۇنىڭ بىلەن قايغۇلۇق ئۆلۈم خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن مەملىكەتكە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي-شىمالىغا تارقىلىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە پوچتا ئىدارىسىنىڭ تېلېگرامما تارقىتىش بۆلۈمى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار گەرچە قايسىبىر چوڭ مەشھۇر زاتنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن بېيجىڭ، شاڭخەي، قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، كورلا... لاردىن توختىماي كېلىۋاتقان تەزىيە تېلېگراممىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. بۇ تېلېگراممىلاردا بىر ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرگەنىدى. ئۇلار ھەيران قالدى.

بۇ زات قانداق كىشىدۇ؟...

1985 - يىل 1 - ئىيۇل، ئۈتتەك قىزدۇرغان قۇياش باشنى قايدۇراتتى. كۈن

هەددىدىن زىيادە ئىسسىق بولغاچقا، يولدا كېتىۋاتقان ئادەم بىردەمدىلا چىلىق-چىلىق تەرلەپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كېتەتتى. بۈگۈن ئۈرۈمچىنىڭ نەنلياڭ شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئالدىدىن سەندۇڭبېيغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يولنىڭ ئىككى قاسنىقى سانجاق-سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى.

يىراقتىن نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ بارماقلىرى بىلەنلا باشتىن ئاشۇرۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن هالدا ئېلىپ كېلىنىۋاتقان تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قىزىل يوپۇق، چىڭقى چۈش ئاپتىپىدا چوغدەك تاۋلىنىپ، گويا مەشئەلدەك كۆرۈنەتتى. مەنمۇ سەلدەك ئاققاق كىشىلەر توپى ئىچىدە كېتىپ بارىمەن. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلمەكتە. مەن كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىرىپ، دىلىمدا ئىلىم مەشئىلىنى يانغۇرۇشتا يۈرەك قانلىرىنى سەرپ قىلغان ئۇستازىمغا بولغان ئەقىدەمنى ئىزهار قىلىش ئۈچۈن تاۋۇتقا قول سۇندۇم.....

ئاه، بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟ شۇنداق پەۋغىرىم ئاپتاپلىق ئىسسىقتا نېمىشقىدۇر توڭلاپ كېتىۋاتىمەن، پۈتۈن ئەزايىم تىترىمەكتە. يېنىمدا كېتىپ بارغان چاچلىرىغا ئاق سانجىغان بىر سالاپەتلىك كىشى:

— ئىسىت، ئىلىم يولىدا تىنىمسىز سوققان بىر يۈرەك ئۇرۇشتىن ۋاقىتسىز توختىدى — دەپ نالە قىلىۋاتاتتى. تۆرقىدىن باشقا جايدىن خىزمەت بىلەن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر زىيالىي سۆپەت ئادەم يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ قايسى زاتنىڭ مۇسىبەت مەرىكىسى، — دەپ سورىدى.

ئەهۋالدىن قارىغاندا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق ئۆلۈم ئۇزىتىش داغدۇغىسى ئۇنى قاتتىق هاياجانلاندۇرغان بولسا كېرەك.

— بالام، تاۋۇتتا كېتىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئىنسان، گودەكلەر قەلبىگە ئۆچمەس ئىز سالغۇچى — مۇئەللىم! — دەپ جاۋاب بەردى هېلىقى مويسىپىت.

ئادەتتە مېيىت نامىزى مەسچىتنىڭ قورۇسى ئىچىدە چۈشۈرۈلەتتى. بۈگۈن بولسا مەسچىتنىڭ ئىچى-تېشى، ئەتراپى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارنىڭ هەممىسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. پارتىيە، هۆكۈمەت مەسئۇللىرى، نازىرلار، ئاتاقلىق زاتلار، مەشهۇر ئەرباپلار، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار... ئومۇمەن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان بىر قانچە مىڭ كىشى مەسچىت ئەتراپىغا توپلانغانىدى. ئۇلار نامازدىن كېيىن تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا پۈتۈن كوچا ئاجايىپ هەيۋەتلىك نامايىش قوشۇنىغا لىق تولدى. ئىختىيارسىز قاتناش توختىدى. نەچچە ئونلىغان شوپۇرلار چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىللىرىنى هەيدەپ كېلىشكەنىدى.

— پاھ، مەرهۇم مۇئەللىم ئاجايىپ ناماز تاپتى، — دېدى ئاپئاق ساقاللىق

كۆكسىگە چۈشكەن بىر دامۇللا قايغۇرغان ھالدا، — مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق ئۇلۇغ مەرىكىنى كۆرۈپ باقمىغان. رەھمەتلىك ئۆمرىدە قىلغان ساۋاپلىرى ئۈچۈن ئۇدۇل بېھىشكە كىرگۈسى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ شىنجاڭ داشۆنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇلانبايغا ماڭىدىغان يول بويىغا جايلاشقان. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىگە (دەرس باشلاشقا) 15 مىنۇت قالغاندا 20 گە يېقىن ئوقۇتقۇچى ئۆز مۇئەللىمىنىڭ مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشۈپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتاتتى.

— مۇئەللىمىنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ! — دەپ توۋلىدى بىرسى ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپ.

— ئاھ، مۇئەللىم، قەدىرلىك ئۇستازىمىز! — ئوقۇتقۇچىلار ئىختىيارسىز ھۆكرەپ يىغلاپ سىرتقا قاراپ ئېتىلدى. سىنىپلاردا، زالدا، مەيداندا يۈزگەن ئوقۇغۇچىلار ھاڭ - تاڭ قالدى، ئۇلار دەسلەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ سىرتقا چىققان بولسا، ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن بىر كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار - قاتار تۇرۇشۇپ سەبىلەرچە يىغلاشقا باشلىدى. ئۆز مۇئەللىمى يىغلاۋاتسا، ئوقۇغۇچىلىرى قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن!

تاۋۇتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇسىبەت قىرشۇنى يول بويىدىكى بۇ سەبى بالىلارنىڭ ھازىسىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ، ئىختىيارسىز يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

پۈتۈن كىشىلەرنىڭ قەلبى قايغۇغا، كۆزى ياشقا تولدى. تۇپراق بېشىدا تېگىشلىك قائىدە - يوسۇنلار بىجا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇستازىمىزنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش مەرىكىسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭغا ئاتىغان مەرسىيىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. مەن بۇ يەردە پەقەت بۇ مەرسىيىلەرنىڭ قىسمەن جايلىرىنى سىتاتا كەلتۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مۇنداق يازغانىدى:

شۇڭقار قولدىن ئۇچقاندەك،
يۇلتۇز كۆچۈپ ئۆچكەندەك.
كەتتى ئارىمىزدىن قەلبى ئويغاق بىر ئىنسان،
ئۇنىڭ ئېتى مۇئەللىم (نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋان!)

..............................

تاۋۇتىڭنى باش ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ماڭغاندا،
نېمە دېدى بىلەمسەن ئەل - جامائەت شۇ چاغدا.

هۆرمەتلەنگەن بۇ يۇرتتا كىمنىڭ تاۋۇتى مۇنداق،
قايسى ھاكىم، قايسى بەگ، قايسى مەنسەپدار شۇنداق.

ئۆلۈمى ئۇرۇمچىدىكى شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ياشلاپ، قەلبىنى لەرزىگە سالغان بۇ كىمدۇ؟...

بۇ باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى بىر ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىسى — 30 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيەت قىلىشقا سەرپ قىلغان ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم ئىدى.

2

ئابلىمىت سىدىق 1937 - يىلى قەشقەردىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت سىدىق ئاخۇنجان بىلىملىك، ئىلغار پىكىردىكى كىشى بولغاچقا، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شىڭشىسەي ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سالىدۇ. ئابلىمىت سىدىق تۇغۇلۇپ ئەمدىلا 40 كۈنلۈك بولغاندا دادىسىدىن يېتىم قالىدۇ، شۇندىن باشلاپ ئۇ ئاتا مېھرىدىن مەڭگۇ جۇدا بولىدۇ.

تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغان ئاتىسى جاللات شىڭشىسەينىڭ تۇرمىسىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى تۇرمۇشتا قاتتىق قىيىنىلىدۇ. ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئاپىسى رابىخان ئاچا تولىمۇ جىگەرلىك، قەيسەر ئايال بولغاچقا، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھېچقانداق يۆلەنچۈكى بولمىسىمۇ، ئۈچ نارەسىدە بالىسىنى دوپپا تىكىپ سېتىپ باقىدۇ. رابىخان ئاچا زىيالىي ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا خېلى ئوبدان ساۋاتى بار ئىدى. شۇڭا ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەتتى. سىدىق ئاخۇنجان ئاكىمۇ بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتۇپ، يارامىلىق ئادەم قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئابلىمىت سىدىق مەكتەپ يېشىغا يېتىش بىلەن رابىخان ئاچا ئۇنى قەشقەر نوبېشى مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا:

— رابىخان، ئەھۋالىڭلار شۇنچە نامرات تۇرۇقلۇق بالىڭىزنى ئوقۇتۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەر ھۈنەرۋەنگە شاگىرت بەرسىڭىز، ئۆيۈڭلارغا ياردىمى بولمامدۇ، بالىمۇ ھۈنەر ئۆگىنىۋالىدۇ، — دېگەندە ئۇ قەتئىيلىك بىلەن:

— بۇ گەپنى بىر ئېغىزغا ئالدىلا، ئەمدى ئىككىنچى قىلمىسىلا. جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، بالىنى ھەرگىز ئوقۇشسىز قالدۇرمايمەن، رەھمەتلىك دادىسىنىڭمۇ ئارزۇسى شۇ ئىدى، — دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن رابىخان ئاچا يىڭنىنى كېچە - كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي دوپپا تىكىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ. تۇرمۇشنى قىسىپ - تېجەپ

يۇروپ ئابلىمىتنى ئوقۇتىدۇ.

نامراتلىق گۆدەك ئابلىمىتنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ. ئۇ ئەزەلدىنلا ئويچان، ئەقىللىق بالا بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ هالىغا يىتىدۇ ۋە تىرىشىپ ئۇقۇيدۇ. رابىخان ئاچا ئۆز هايات مۇساپىسىدىكى قايغۇ ـ ئەلەم ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى ماتانەت بىلەن يەڭگەن ئاجايىپ بىر مەزلۇم ئىدى، ئۇ خېلىلا ساۋاتلىق بولغاچقا ئېشتىن قولى سەل بوشىغان چاغلاردا بالىلىرىغا «گۈلىستان»، «بوستان» دىن پارچىلار ئوقۇپ بېرىدىپ، ئۇلارنىڭ بولۇپمۇ گۆدەك ئابلىمىتنىڭ ئېڭىغا مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ.

بىر چاغلاردا ئاپىسى گۈلىستاندىن ئوقۇپ بەرگەن: «گۆدەك چاغ، تەربىيە كۆرمىسە هەركىم، چوڭ بولغاندا ئۇندىن قاچىدۇ ئامەت. كۆك چىۋىقنى ئەگمەك تولىمۇ ئوڭاي، قۇرۇسا رۇسلانماس، ئوت كېرەك پەقەت» دىگەن مىسرالار ئۇنىڭ كۆڭلىگە چوڭقۇر ئورناپ كېتىدۇ.

1949 ـ يىلى گۆدەك ئابلىمىتمۇ ئازادلىق تىگىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ هاياتىدا يېڭى بۇرۇلۇش ياسىلىدۇ. ئۇ 1950 ـ يىلى سابىق ئۆلكىلىك 2 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ، گويا چۆلدە ئۇسساپ چاڭقاپ كەتكەن كىشى سۇغا ئېرىشكەندەك، ئىلىم ـ مەرىپەت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، هەۋەس بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ.

شۇ چاغلاردا مۇقىم يۆلەنچۈك بولىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا نامرات ئىدى. بۇنى ئوبدان چۈشەنگەن ئابلىمىت ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، هەر قېتىملىق تەتىل مەزگىلىدە كونلۇك ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا كېتىدىغان خىراجىتىنى هەل قىلاتتى.

ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئاپىسىنى ئەسلىگەندە: ــ مېنىڭ تۇنجى ئوقۇتقۇچۇم ئاپام ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئېڭىمدا مەرىپەت مەشئىلىنى دەسلەپ ياندۇرغان ئادەم بولىدۇ، دەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

كۈنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆتىدۇ. گۆدەك ئابلىمىتمۇ ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولدى. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا ئوقۇتقۇچىلىقنى ئۆزىگە ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللاپ، مۇئەللىمدە بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشكە باشلايدۇ.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ بىزگە دەرسكە كىرگەن چاغلاردا:

ــ ئوقۇتقۇچى ــ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى

پۈتۈن قىياپەت، يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆزلىرى بىلەنمۇ بىلىم بېرىدۇ، — دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرىدۇ. ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۆزىنى تۇتۇشى، ئورۇنلۇق گەپ-سۆزلىرى، كەمتەرلىكى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.



ئابلىمىت سىدىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە

ئىنسان بالىسى، بولۇپمۇ ئۇ بالاغەتكە يەتكەن مەزگىلدە ئۇنىڭ كاللىسى ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارغا تولىمۇباي بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئىستەكلىرى خۇددى تاڭ سەھەر سۈبھىدە گۈل-گىيالارنىڭ ياپراقلىرىدا زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇرغان شەبنەم تامچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئابلىمىت ئۆزىدىكى ئاشۇنداق ئارزۇنى تولىمۇ يۈكسەك، يېتىش بەكمۇ تەس دەپ ئويلايتتى. شۇڭا بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىدە بار بولغان ئىمكانىيەتنى ئىشقا سېلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ.

3

1985-يىلى 7-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بالىلار كىنو-تىياتىرخانىسىنىڭ يىغىن زالى مۇسىبەت كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. مۇنبەرگە ئابلىمىت سىدىقنىڭ قارا رامكىغا ئېلىنغان چوڭايتىلغان رەسىمى ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى تەرەپ-تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن گۈلچەمبىرەك، لەۋھە، تەزىيەنامە، مەرسىيەلەر بىلەن تولغان. يىغىن زالىدا لىققىدە ئولتۇرغان ئادەملەر ئېغىر سۈكۈتكە چۆككەن. سەھنىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى يۇنۇس ھېكىم كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا تەزىيە نۇتقى سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ... مەرھۇم ئابلىمىت سىدىق پىشقان مائارىپشۇناس، ماھارەتلىك باغۋەنىدى. ئۇ مول بىلىم ئىگىلىگەندىلا ۋەتەن ۋە خەلققە كۆپرەك پايدىلىق ئىش قىلىپ بېرىشكە ئىمكانىيەت ھازىرلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە خىزمەتتە يۈكسەك ئىرادىنى كۆرسەتتى. ئۇ يۈكسەك ئاڭ، ياخشى ئەخلاقىي-پەزىلەت، پىرىنسىپال خىزمەت ئىستىلىغا ئىگە بولۇپ، يولداشلارغا نىسبەتەن ئاقكۆڭۈل، سەمىمىيلىكى، مۇئامىلىدە باراۋەرلىكى، ئاممىا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىشتەك خىسلىتى، چىقىشقاق ۋە خۇشچاقچاقلىقى، راھەت-پاراغەت ئالدىدا باشقىلارنى

ئويلاشتەك ئېسىل پەزىلىتى بىلەن ھەممىنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.
ئۇ 24 يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىن ئايرىلماي، ئۆزىنىڭ جاپا-
لىق ئەمگىكى بىلەن مىڭلىغان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىگە مەرىپەت مەشئىلى-
نى ياندۇرۇپ، تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى...

توغرا! ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئادديي خىزمەت ئورنىدا يا-
راتقان تۆھپىسىنى خۇددى شېكەرتار يۇنۇس ھېكىم دېگەندەك تىللاردا داستان
بولغۇدەك تۆھپە دەپ ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدۇ. بۇ ھەقتە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر
قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق
دېگەنىدى: «كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت
يوقتۇر. چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت
ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مېھنىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.» بۇنىسى
ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. ئابلىمىت سىدىقنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچىلى-
رىنىڭ ھازىر جەمئىيەتتە ئويناۋاتقان رولىنى كۆزىتىدىغانلا بولساق، بۇنىڭغا مۇ-
ناسىپ جاۋاب تاپالايمىز. ھازىر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلاردا، تۈرلۈك ساھە-
لەردە تايانچ رول ئويناۋاتقان كادىرلارنىڭ ئىچىدە ئابلىمىت سىدىقنىڭ قولىدا
بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىق ئوقۇمىغانلار يوق دېيەرلىك دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇ ھەق-
تە ئابلىمىت سىدىقنىڭ ھەدىسى زەينەپ سىدىق بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ ماڭا
مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

— مەن 1984 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ تۇرپان، توق-
سۇن، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلىرىغا باردىم، — دەپ سۆز باشلىدى زەينەپ
سىدىق غەمكىن ھالدا، — ئۆزەڭلار بىلىسىلەر، مەن بولسام خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن
ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى. شۇڭا ھەر ھالدا مېنى كۆپىنچە ئادەم تونۇيدۇ ياكى
سىرتىمدىن بىلىدۇ دەپ ئۆزەمگە تەمەننا قويۇپ يۈرەتتىم. بىراق، بۇ قېتىم چەت-
كە چىقىشىم بىلەن مېنىڭ بۇ ئەخمەقانە ئويلىرىم بىت-چىت بولدى. نېمە بول-
دى دېمەمسىلەر، بۇ قېتىم بارغانلا يېرىمدە كىشىلەر مېنى تولىمۇ ئەزىزلەپ،
ھۆرمىتىمنى قىلىشتى. مېنى يوقلاپ ئەھۋال سورىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ھاكىملار،
مۇتەخەسسىسلەر، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار
بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك «ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىمنىڭ ھەدىسى
كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، سىزنى يوقلاپ كەلدۇق، بىزنىڭ مۇشۇنچىلىك خىزمەت قى-
لىپ، جەمئىيەتكە ھەسسە قوشالىشىمىزدا ئابلىمىت مۇئەللىمنىڭ نۇرغۇن ھەسسىسى
بار، بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇنىڭ بىزگە بىلىم بېرىشتە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى

قايتۇرۇپ كېتەلمەيمىز» دېيىشتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، دائىم ئۆزى ھەق-قىدە سۆز بولغاندا، ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كولوپلا ئۆتكۈزۈۋې-تىدىغان ئىنىمىنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىدە شۇنچىۋالا ئابرويى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆزەم-نىڭ باشتىكى ئويلىرىمىدىن خىجىل بولدۇم. شۇنداقلا مۇشۇنداق بىر ئىنىمنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلەندىم. ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ھازىرقى شىن-جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قىيۇم باۋ-دۇنمۇ ئۆزىنىڭ مەرھۇم ئۇستازىغا: «يولداش ئابلىمىت شىنجاڭنىڭ مىللىي ما-ئارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان ئادەم، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش تولىمۇ قىيىن» دەپ تولىمۇ توغرا باھا بەردى.

دەرۋەقە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلىشى ئالەمشۇمۇل زور ئۆزگىرىشلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيادىن قارىغاندا شەخسنىڭ كونترول قىلالايدىغىنى، ھەقىقەتەنمۇ دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدۇر. ئۇلۇغۋار ئىشلار-نى قىلغۇچىلار ھېچقاچان ئۇستازى (مۇئەللىم) نىڭ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئەجرىگە كۆز يۇمغان ئەمەس.

4



ئابلىمىت سىدىق تەتقىقات ئۈستىدە

ئەگەر ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى ساپ نىيىتىمىز بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنەت-لىرى بىلەن جەمئىيەت ماشىنىسى-نىڭ نورمال ئايلىنىشىغا ئىزچىل ھەسسە قوشۇۋاتقان تالاي ئىنسانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار گەرچە ئالەمشۇمۇل نام چىقارغان قەھرى-مانلاردەك پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغۋار ئىش-لارنى قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىكى خىزمەت ئورۇنلىرىدا نۇرغۇن يىللار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۈن - تىنسىز ئىشلەپ بارلىقىنى باشقىلار-غا ئاتا قىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەلبى خۇددى سەبىي بوۋاقلارنىڭكىدەك غۇبارسىز بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىنى ئەزەلدىن مىننەت قىلغان ئەمەس، جەۋر - جاپا چەك-كەن چاغلىرىدا پارتىيىدىن ئاغرىنغان ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى، مەق-سىتىدىن ۋاقىتلىق ئوڭۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن ۋاز كەچمەيلا قالماستىن، پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن قىلچە تەۋرەنمەي، ئىزچىل خەلقنىڭ يۇۋاش كالىسى بولدى.

ئابلىمىت سىدىقنى خۇددى ئاشۇنداق خىسلەتلىك كىشى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىدە كوممۇنىستلارغا خاس پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىدى. 1956 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان بەزى يېقىنلىرى ئۇنىڭغا ھېسسىداشلىق قىلغان ھالدا:

— ئابلىمىت، بىزنىڭ مەكتەپكە ئالمىشىپ كەتمەمسەن؟ — دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابلىمىت سىدىق مائارىپ ساھەسىدىن ئايرىلىپ كېتىشنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ - دە، دەرھال بۇ يېقىن ئادىمىگە كەسكىنلىك بىلەن:

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت. مەن ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ تاللىۋالغانمەن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئابلىمىت سىدىق دېگىنىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ زېھنىي كۈچىنى ئۆزىنى كەسپىي جەھەتتە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە قارىتىدۇ - دە، مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئۈنۈملۈك ئەمگەكلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ.

شۇ ئارىدا بىر قانچە يىل ئۆتىدۇ. ئابلىمىت سىدىقنىڭ كەسپىتە ۋە سىياسىي جەھەتلەردە بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىپ بارىدۇ. مەسىلىلەرگە يولۇققاندا سالماق بولۇشنى ئۆگىنىدۇ. بىراق ئۇ ئۆزىنى دەھشەتلىك پاجىئەنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. 1966 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىدۇ. ھەرىكەتنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلار باشقىچە تۈس ئېلىشقا باشلايدۇ. يەنى، قەيەردىندۇر چىققان تەتۈر قۇيۇنلار بىردىنلا ئالەمنى مالەم قىلىپ، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ تەتۈر قۇيۇنلار ئاخىرى بېرىپ جەمئىيەت ئاتموسفېراسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان شىددەتلىك بوران - چاپقۇنغا ئايلاندى. ھاياتلىقنىڭ ئىپتىخارلىرى بولغان، بويلىرى پەلەككە تاقاشقان سۆۋادان تېرەكلەر سۇندى، يىلتىزىدىن قومۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئابلىمىت سىدىق پەقەت چەت ئەلدە تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوقلا «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇلۇپ، رېجىم ئاستىغا ئېلىنىدۇ، چوڭ يىغىنلاردا پىپەن قىلىنىدۇ. ھەممىدىن قىزىقى شۇكى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويى بولغان ئابلىمىت سىدىق ئۈستىدىن

پىكىر بېرىدىغان ئادەم چىقماي قالدۇ. رېجىم ئاستىغا ئېلىنغاندا، ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ئۆيىدىن، ئەھۋال سوراپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئابلىمىت سىدىق گەرچە ئۆزى ئازار يەپ، نورمال خىزمەت ئىشلەش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مائارىپنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى... مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇ بۇنداق نورمالسىزلىقلارنىڭ كېيىن چوقۇم ئوڭشىلىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا ئوڭۇشسىزلىقلار ئالدىدا قىلچىمۇ تەۋرەنمەستىن ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ مەزگىللەردە «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى دەرسلىكى»، «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى (بىر تۈرتاش دەرسلىك)»نىڭ 80 گە يېقىن تېكىستىنى تۈزۈش، تەرجىمە - تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. تىل - تەتقىقاتى جەھەتتىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە يازغان بىرمۇنچە ماقالىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، ئىنتايىن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى بەزى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىي ھەجمى 60 مىڭ خەتلىك بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى كېيىنكى مەزگىللەردە مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوقۇتۇشنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشلەردە ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ غەۋغالىق دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىش «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ»، «ساپ ئالتۇن ئەخلەت-چاۋا ئارىسىدىمۇ چاقناۋېرىدۇ» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەنتىقىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس. ئادەتتە گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغقان كېچىدە «يالت» قىلىپ يانغان شولىسى شۇنداق ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك چاقماق پۈتۈن كائىناتنى «ۋاللىدە» قىلىپ يورۇتۇپ تاشلىسىمۇ، ئەمما دەرھال ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولى پەقەت بىردەملىكلا بولىدۇ. ئەكسىچە غۇۋا يورۇق چۈشۈرۈپ، پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىچۇ؟ بۇنىسى باشقا گەپ. شام — ئۆزىنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتىۋەتكەن. ئۇ تاكى بىر تامچە قالغىچە يېنىپ، ئىنسانلارغا ھاياتبەخش يورۇقلۇق بېرىدۇ. ئابلىمىت سىدىقمۇ ئۆزىدە خۇددى ئەنە شۇ شامدىكىدەك روھنى يېتىلدۈرگەن ئالاھىدە ئىنسان ئىدى.

5

1978 - يىلى مائارىپ سېپىدىكى قالايمىقانچىلىق ئەمەلدىلا تۈزۈلۈشكە باشلىغان كۈنلەردە ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆيۈەنىدە ئىككي سائەتلىك ئوچۇق دەرس ئۆتكۈ-

زولدى. بۇ ئوچۇق دەرسكە ياش ۋە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، رەھبەرلەر قاتناش-قانىدى. ھەممىنىڭ كۆزى «ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر كىم» دېگەن ئەسەرنى ئۆتۈۋاتقان بەستلىك، قوشۇما قاش، مۇلايىم كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئوقۇتقۇچىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ، ئەسەرنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاپتور ۋە ئۇنىڭ تىپىك ئەسەرلىرى ھەققىدە ئوچۇق چۈشەنچە بەردى. ئارقىدىن ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، تۈزۈلۈشى، بۆلەكلەرنىڭ باغلىنىشى، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، باغلىغۇچىلار ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە توختالدى...

بۇ دەرسنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر قاراپلا ھەممىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىغان بىر پارچە رەڭلىك سۈرەت تارتىپ قويۇلغاندەك بولدى. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىقىپلا غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى:

— تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى مانا مۇشۇنداق ئۆتسە بولىدۇ!

— مەن تىل - ئەدەبىيات دەرسىنىڭ بۇنچىۋالا مول مەزمۇنلۇق، كىشىگە بۇنداق كۆپ بىلىم بېرىدىغان دەرس ئىكەنلىكىنى بۈگۈنكىدەك ھېس قىلمىغان ئىكەنمەن...

بۇ، ئابلىمىت سىدىقنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن كەسىپداشلىرىنىڭ بەرگەن باھاسى ئىدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆبىسىنى ئابلىمىت سىدىقنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ۋە مېتودىكا جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە قويىدۇ. ئابلىمىت سىدىق خۇشاللانغان ھالدا جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. تالاي قېتىملاپ دەرس ئۆتىدۇ. كېچىلەپ دەرس تەييارلايدۇ.

بىر قېتىم 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەچلىك تاماقتىن قايتىپ ياتاققا كىرىپ كېتىۋاتقاندا، تىل - ئەدەبىيات ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇلار بىرەر سائەتتىن كېيىن كەچلىك مۇزاكىرىگە چىققاندا ئىشخانا چىرىغىنىڭ يەنىلا يورۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىشخانىغا كىرىدۇ-دە، ھەيران قالىدۇ.

جىمجىت ئىشخانىدا ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم ئالقىنىنى بېشىغا تىرىگىنىچە ئۈستەل ئالدىدا ئۇخلاۋاتاتتى. باللار ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۈستەل ئۈستىدە، تەكشۈرۈپ بېرىلمەپ قالغان ماقالە مەشىق دەپتەرلىرى تۇراتتى. ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىم ھەر بىر پارچە ماقالىنى تەپسىلى ئوقۇپ چىقىپ تۈزەتەتتى ۋە كونكرېت پىكىر يازاتتى. ئۈستەلدە يەنە بىر ئىستاكان مۇزلاپ

قالغان قايناقسۇ بىلەن بىر پارچە نان تۇراتتى. بالىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ، قاتتىق ئەسىرلىنىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ مۇئەللىمىگە تاماق ئەكىرىپ بەرمىگەنلىكىگە قاتتىق ئۆكۈنىدۇ - دە، دەرھال ياتاققا كىرىپ، چاي دەملەپ قەنت - گېزەك ۋە يۇمشاق توقاچلارنى ئەپچىقىپ قويۇپ قويىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار شۇندىن كېيىنلا ئابلىمىت سىدىق مۇئەللىمنىڭ ھەر قېتىم كېچى-نى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئىشلەپ تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ، ئەتىكى دەرسكە ئۇل-گۇرتۇپ خۇلاسىلايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

بىر قېتىم ئابلىمىت سىدىقنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەكتەپ مەسئۇلى مەتتىمىن ئۇنىڭغا ئارامىدە دەم ئېلىشنى، خىزمەت بولسا ئادەم ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن ئۇ كەسكىن رەت قىلىپ:

— بۇنداق جىددىي پەيتتە مەن قانداقمۇ دەم ئالالايمەن، مەن ئىشلىشىم كېرەك. مائارىپ ئىشلىرىمىز بىر كۈن ئالغا ئىلگىرىلىسە، مەن بىر كۈن خاتىر-جەم بولىمەن، — دەيدۇ.

مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنى ساناتورىيىدە داۋالىنىشقا بەلگىلىگەندە ئۇ يەنىلا رەت قىلىدۇ.

ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش شۆبىسىنى مائارىپ نازا-رىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1981 - يىلى ئابلىمىت سىدىققا «ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بېرىدۇ.



ئابلىمىت سىدىق مائارىپ نەشرىياتىدىكى يولداشلار ئارىسىدا

ئابلىمىت سىدىق كېيىنكى چاغلاردا 14 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېلىپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەيىنلەن-گەندىن كېيىنمۇ ئەزەلدىن دوسكا ئالدىدىن نېرى بولماي، ئوقۇتۇش مىتودىنى ئىزچىل تۈردە ئۆستۈرۈشنى ئەستىن چىقارمىدى.

ئۇ دائىم ئۆزىگە: «بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەسلىدە بىر چىنە سۇ بې-رىشنى ئويلىغان بولسا، ئۆزىدە چەزمەن بىر چېلەك سۇ بولۇشى كېرەك» دېگەن تەلەپنى قوياتتى. ئۇ ئۆزى گەرچە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللان-

سىمۇ، ئەمما ھەر قېتىم ئۆتمەكچى بولغان دەرسىنىڭ ئالدىدا ھەر جەھەتتىن كۆپ تەرەپلىمە تەييارلىق قىلاتتى. شۇڭا ئۇ سوئال سورىغان ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچىنى جاۋابسىز قالدۇرغان ئەمەس.

ئۇ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى تەتقىق قىلىنغان نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ چىقىپ، ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپىلەرنى ياراتتى. رادىئودا كۆپ يىل مەخسۇس تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» ۋە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىشقا پايدىلىنىش ماتېرىيالىنىڭ گراماتىكا قىسمىنى تۈزۈپ چىقتى... ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئوينىغان رولىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىش قىيىن. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى (ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى) دوختۇر دەم ئېلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، كۆكسىنىڭ قاتتىق سانجىپ ئاغرىشىغا پىسەنت قىلماي، يېزىق ئۈستىلىدە تاكى يېرىم كېچىگىچە يېزىقچىلىق قىلغانىدى.

ھاياتلىقنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى بويىچە ئادەم ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ. ئەمما ئۆلۈملەرنىڭ ئەھمىيىتى ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ئابلىمىت سىدىققا ئوخشاش پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلقىنىڭ ئىشلىرىغا ئاتا قىلىپ، كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالالىغۇدەك ئىش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىلا ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆزىنى ياشلاپ، قەلبىنى ئۆرتىيەلەيدۇ. خۇددى گىگانت شائىر ئابدۇراخمان جامى يازغاندەك:

يادىڭدىمۇ، ئېيتچۇ سەن تۇغۇلغاندا،
ھەممە كۈلگەنىكەن، سەن يىغلىغان.
شۇنداق ياشىغىنكى، كېتەر چېغىڭدا،
ھەممەيلەن يىغلىسۇن، سەن ماڭغىن خەندان.

ھالەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

ئېھ، ئۇستاز! بۈگۈنكى بۇ گۈزەل دۇنيا، كەلگۈسىدىكى ئەڭ گۈزەل دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرى پۈتۈنلەي سېنىڭ ئەجرىڭگە مەنسۇپ!

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 14 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، مەرھۇم ئابلىمىت سىدىقنىڭ جەسىتى ئۇلامباي ئىنقىلابىي قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

# ئالتۇن قېزىش كۆرىشى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ۋېي چىك

سۇلايمان ئابدۇل تەرجىمىسى

## شىنجاڭنىڭ 3 - قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالايلى!

مېنىڭچە، يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش دەۋرى شىنجاڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى. بۇ دەۋر ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن باشلىنىپ 1700 يىلدىن ئوشوق داۋاملاشقان.

شىنجاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى بولسا ئازادلىقتىن كېيىنكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

مەن شۇنداق ئېيتالايمەنكى، ئۆزۈم ۋە بارلىق شىنجاڭلىقلار ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە تەلمۈرىدىغان مەسىلە — شىنجاڭنىڭ 3 - قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىدىن ئىبارەت. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، 2001 - يىلى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىدىغان دەۋرىدۇر! بۇ دەۋرگە پەقەت 14 يىللا قالدى. بىز ھازىر شۇ دەۋر پاراۋوزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

ھازىرلا بەزى كىشىلەر بىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مەنزىرىگە بارىدىغانلىقىمىزنى تەسۋىرلەپ، 21 - ئەسىرگە بارغاندا شىنجاڭ جۇڭگونىڭ كالىفورنىيىسىگە ئايلىنىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىۋاتىدۇ.

### تەبىئەت بىزنى سۆيىدۇ

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ بايقىغان كان بايلىق تۈرى 200 خىلغا يەتمەيدۇ. دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە بايقالغان كان بايلىقى 150 خىل، لېكىن، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا بايقالغان كان بايلىقى 121 خىل، بىر ئۆلكە، بىر رايوندا مۇنداق كۆپ خىل كان بايلىقىنىڭ بولۇشى، ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ ۋە باشقا جايدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان. شۇڭلاشقا، شىنجاڭ ئۆزىنى كان بايلىقتا دۇنيا

بويىچە ئالدىنقى قاتاردا دېيىشكە تامامەن ھەقلىق. دۆلىتىمىزدە زاپاس مىقدارى ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان بايلىقلىرى 135 خىل بولۇپ، شىنجاڭدىلا تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغىنى 67 خىل، بۇ ئاساسەن دۆلىتىمىزدىكىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى 7 خىل كان بايلىقىنىڭ ساقلىنىش زاپاس مىقدارى دۆلىتىمىز ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. 17 خىل كان بايلىقى غەربىي شىمال بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. شىنجاڭدا 76 ناھىيە بولۇپ بۇنىڭ 56 سىدە ئالتۇن بار. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پروفېسسور چەن ۋېيجاڭ «شىنجاڭنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئىستىقبالى خېيلۇڭجياڭدىنمۇ ياخشى» دېگەن.

مېنىڭچە، ئەگەر بىز شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى كان بايلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك ئېنىقلاپ چىقساق يەنە قانچىلىك كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېڭىلىقلار چىقار؟ دېمەك، مانا مۇشۇ يېڭىلىقلارنى ياراتقۇچىلار دەل ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك گېئولوگ خىزمەتچىلىرىدۇر.

مانا مۇشۇ كۆپ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىز بىزنىڭ 3 - قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە قىلغان سوۋغىمىز بولغۇسى.

سىز شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇنىڭدىن پەخىرلەنمەي تۇرالامسىز؟ سىز يەنە گېئولوگ خىزمەتچىلىرىگە چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلدۈرۈپ ئۇلارغا سۆيۈنمەي تۇرالامسىز؟ ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئۇلارنىڭ 30 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكى بولمىغان بولسا بىزنىڭ بۇ بايلىقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تيە نخۇ جېڭگى

1987 - يىلى چاغاندىن كېيىن، مەن شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتى تارمىقىدىكى 704 - گېئولوگ ئەترەتكە بېرىپ شىنجاڭنىڭ بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاۋاتقان كىشىلەرنى زىيارەت قىلدىم، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ماۋشۇمىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى چېن جەنپىن مېنى ناھايىتى قىزغىن قوبۇل قىلدى. مەن ئەترەت مېھمانخانىسىدا ئەترەت قورغۇچىلاردىن خوي شىڭدې، جاۋشىمىڭ، جاۋدىيەنجا قاتارلىق 3 ئىنژېنېر بىلەن كۆرۈشتۈم. ئىككىنچى كۈنى مەن ئۇيغۇر ئىنژېنېر ئابدۇشۈكۈر بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

ئۇلار گېئولوگ خىزمىتىگە قاتناشقاندا تېخى كىچىك باللار ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ يېشى 40 — 50 كە بېرىپ قالدى. بىراق بىز ئەينى يىللارنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئۇلار خۇددى باشقىدىن ياشىرىپ قالغاندەك كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ، چىرايىدىن ئىللىق نۇر ياغاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى

بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى قۇربان قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەمما ئۇلار بۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى.

704 - ئەترەت قۇرۇلغاندا ئادىمى 100 گە يەتمەيتتى. پەقەت 3 ماشىنىسى بار ئىدى. كۆپ ھاللاردا پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. يول يۈرگەندىمۇ تۈپتۈز ئاسفالت يول ياكى تۈپتۈز يايلاقتا ئەمەس، بەلكى ئادىمىزات بېرىپ باقمىغان قاقاس چۆلدە، تومۇز ئىسسىق، جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق، باش - ئايىغى يوق قۇملۇقتا، ئېگىز - پەس تاغ يوللىرىدا ھەم تار، ھەم قاراڭغۇ جىلغىلاردا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، دائىم دېگۈدەك زەھەرلىك يىلان، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يولۇقۇپ قالاتتى. يامغۇر بىلەن بوران ئۇلارنىڭ ھەمراھى ئىدى. ئاچ قېلىش، سۇسىز قېلىشلار ئادەتتىكى ئىش ئىدى، بەزىدە ھاياتىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايتتى. ئۇلار يولغا چىققاندا خالتىسىغا بىر - ئىككى پارچە قۇرۇق نان سېلىۋالاتتى. ئەمما قايتىشىدا نەچچە 10 كىلو ئېغىرلىقتىكى كان ئەۋرىشكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. مانا بۇ جاپامۇ؟ ھەقىقەتەن جاپا. بىراق ئۇ ۋاقىتتا خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىر پارچە ئوت بار ئىدى، بۇ ئوت يېڭى جۇڭگونى باي، قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئارزۇسى ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى 30 — 40 كىلومېتىر يول يۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاخشىمى فارا چىراق ئاستىدا كان ئەۋرىشكىلىرىنى تەتقىق قىلاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئەۋرىشكە ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ ۋارقىرىشىپ كېتەتتى، ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نىشانى بىر - دە!

60 - يىللاردىكى تەبىئىي ئاپەت ھەممىمىزگە ئۇنتۇلغۇسىز بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئوخشاش گېئولوگ خادىملىرىمۇ جاپالىق، ئاچارچىلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردى. قومۇل ئەسلىدىنلا ئاشلىقى يېتىشمەيدىغان رايون بولغاچقا، ئۇ چاغلاردا ھەر بىر ئادەم كۈنىگە ئازراقلا قورۇلغان سەي ۋە زاغرا يەيتتى، ئاچلىق كىشىلەرنى ئوزۇق ئىزلەشكە، قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا ئۇلار دالىدا بولسۇن ياكى ماكانىدا بولسۇن، قورساق تويدىغانلىكى نەرسىلەر بولسا يېدى، ئۇسسىغاندا بەزى ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى شوردى.

مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق شارائىتتا 704 - ئەترەت قومۇلنى تەكشۈرۈپ بولۇپ يەنە ئۈرۈمچى، يىراقتىكى گەنسۇ چېگرىسىغىچە تەكشۈردى. ئۇلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا رايون ئايرىمايتتى. ئۇلار پەقەت كان بايلىق، يەر قۇرۇل-

مىسىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باراتتى، نەچچە چوڭ كاننى ئاشۇ قىدىرىنچىلىق ۋاقىتلاردا تاپقان. 58 - يىلدىن 86 - يىلغىچە بولغان 28 يىلدىن بېرى 704 - ئەترەت دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقارغان كان ئورنى 670، تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان مېتال ۋە غەيرىي مېتال كېنى 38، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر، مانگان، ۋولفرام، ۋانادىي تىتان، مىس، ئالتۇن، مەرمەرتاش، سىنگىرتاش، ھاك تاش يەنە ساسىتىسىي تېپشى بار. رەسمىي ئېچىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن كاندىن 20سى بار. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى: 704 - ئەترەت شەرقىي شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن ۋولفرام كېنى تاپقان. شۇندىن تارتىپ شىنجاڭدا ۋولفرام كېنى يوق دېگەن سۆزگە خاتىمە بەرگەن.

مۇشۇ كانلار ئىچىدە ھەممىدىن بەك تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى تيەنخۇ تۆمۈر كېنى بولسا كېرەك.

لەنجۇدىن يولغا چىقىپ يۈمىندىن قۇمۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاسماندا ئۇچار قۇشلارنى، يەردە قۇرت - قوڭغۇزلارنى كۆرگىلى بولمايدىغان سۇسىز قۇرغاق چۆل بار. تيەنخۇ كېنى مانا مۇشۇ قاقاسلىقتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تىنچ ئۇخلاپ كەلگەن. 60 - يىلى 704 - ئەترەت بۇ كاننى تەكشۈرۈپ بايقىغان. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ كاننى ئېچىشتا بىرنەچچە قېتىم ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان.

دەسلەپتە بۇ كاننىڭ يېنىدا يامان سۇ تۆمۈر كېنى بولغاچقا، بۇ كاننىڭ رولى ئارا جارى بولمىغان؛ 5 يىلدىن كېيىن، يەنى 65 - يىلى بۇ كاننى ئومۇمـيۈزلۈك ئېچىش جېڭى باشلانغان، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن گېئولوگ سېپىدىكى تايانچ كۈچلەردىن نۇرغۇن خىزمەتچىلەرنى 704 - ئەترەتكە يۆتكەپ كەلگەن. مۇشۇ جەڭدە 704 - ئەترەتنىڭ بۇرغىلاش دۈيى چوڭقۇرلۇقى 1012 مېترلىق رېكورتنى ياراتقان. 704 - ئەترەتنىڭ قوشۇنى زورىيىپ ئادىمى 1000 دىن ئاشقان.

لېكىن بۇ كاننى ئېچىش ئاسانغا چۈشمىدى. بىر مەيدان سىياسىي بوران - چاپقۇن تۇيۇقسىز بۇ يەرگىمۇ كېلىپ، كاننى ئېچىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش توختاپ قالدى. بۇ كان ئورنى ئاستا - ئاستا جىمجىت خارابىلىققا ئايلاندى. ئەمما ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جاندىن كېچىشكە رازى 704 - ئەترەت گېئولوگ خىزمەتچىلىرى بۇ سىياسىي بوران - چاپقۇننى بىر نەچچە قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قايتىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، تۈرلۈك توسالغۇلارغا قارىماي، بىرلەپ - ئىككىلەپ قايتىدىن تيەنخۇ كېنىغا بېرىپ خىزمەت قىلدى. 70 - يىلى بۇ كاننى

دەسلەپكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئەھۋالىدىن دۆلەتكە دوكلات يازدى.

سىز بۇ كاننىڭ زاپاس مىقدارىنىڭ 110 مىليون توننا ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

يېقىندا يامان سۇ تۆمۈر كېنىنىڭ زاپىسىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ ئالدىدا خام ئەشيا مەسىلىسى مۇھىم بىر گەپ بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تيەنخۇ كېنى ئۆزىنىڭ زاپاس بايلىقى بىلەن باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، تيەنخۇنىڭ مۇھىملىقى نامايان بولدى. بىزنىڭ بۇ كان بايلىقىنى ئېچىپ ئۆتمىگەندىن پايدىلىنىشىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىستراتېگىيىلىك رولى بولۇپ، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن شىنجاڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پولات ـ تۆمۈر سانائىتى بىر دۆلەت سانائىتىنىڭ ئاساسى، ئەگەر پولات ـ تۆمۈر سانائىتى پىشكەللىككە ئۇچرىسا باشقا سانائەتلەرگە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ. ھەتتا باشقا سانائەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز تيەنخۇ تۆمۈر كېنىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ ھەممە ئۇنىڭ شىنجاڭ خەلقىغە بالدۇرراق بەخت ئېلىپ كېلىشى ئۈچۈن ۋە كاننىڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈشىنى تېزرەك ئېلىپ بېرىپ ئۇنى ئېچىش ۋە ئىشلىتىشكە ئاساس ياردىتىش ئۈچۈن مەلۇم مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. ھازىر تيەنخۇ تۆمۈر كېنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پولات ـ تۆمۈر سانائەت بايلىق خامئەشياسىنىڭ 2 ـ جەددىسى بولۇپ قالدى (1 ـ جەددىسى يامان سۇ كېنى ئىدى).

60 ـ يىلى تېپىلغان بۇ كان 28 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى.

دېمەك، تيەنخۇ كېنىنى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاشتا يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ئىنژېنېرلار ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى ۋە كۆپ تەر ئاققۇزدى. بىز بۇلارنى، شۇ يولدىكى جاپاكەش ئىشچىلارنى ئۇنتۇلمايمىز.

## ئالتۇن قېزىش كۆرۈشى

ئالتۇن قېزىش توغرىسىدىكى مەلۇماتنى مەن قومۇلدىن ئىگىلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۈرۈمچىگە قايتىپ 704 ـ ئەترەتنىڭ سابىق باش ئىنژېنېرى (ھازىر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى) ياڭشىڭزۇدىن قوشۇمچە ئىگىلىدىم.

مەن 704 ـ ئەترەتنى زىيارەت قىلغاندا ئۇلارنىڭ 79 ـ يىلدىن باشلاپلا ئالتۇن ئىزلىگەنلىكىنى ھەممە ئالتۇن كېنىنى تاپقانلىقىنى ئۇققانىدىم.

( بۇ كانغا « ئالتۇن ئۇۋىسى » دەپ نام قويۇلغان، بۇ نام نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ).

تەزكىرىدە يېزىلىشچە، قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە كىشىلەر ئالتۇن قازغان، قازغۇچىلار كۆپ بولغاندا 1000 ئادەمگە يەتكەن. ئۇلار ئەڭ كۆپ بولغاندا يىلىغا نەچچە 100 سەر ئالتۇن قازالىغان. ئالتۇن قېزىش مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئاستا - ئاستا توختاپ قالغان، چۈنكى بۇ ئالتۇنلار خام ئالتۇن ياكى تاش ئالتۇن بولغاچقا، ئالتۇن قېزىشمۇ ناھايىتى مۇشەققەتلىك بولاتتى. ئالتۇننى تاشلارنىڭ ئاستىدىن، تاش قېتىدىن، ئومۇمەن تاش ئىچىدىن ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئالتۇن قېزىش توختاپ قېلىپ بۇ كان ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. بۇ كاننى ئاخىرى 704 - ئەترەت تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاپ تاپقان.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بۇ كاننى تەكشۈرۈپ: بۇ يەر ئەسلىدە 19 - ئەسىردىكى ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن كېنى ئىكەن، ئەمما ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپ قېزىلىپ كەتكەچكە ئېھتىمال ئالتۇن زاپىسى تۈگەپ كەتكەن بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا بۇ كاننى قايتا ئېچىش ھاجەتسىز، دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

لېكىن، 704 - ئەترەتتىكى گېئولوگ خادىملىرى: «گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش — بىر خىل چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدىغان يەن. چەتئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر ئېغىز تەۋەككۇل گېپى بىلەن بىر كان ئورنىنى يوققا چىقارساق بولامدۇ؟» دېيىشكەن.

بۇ ئالتۇن كېنىغا ئەڭ دەسلەپ جاۋدەنجا بىلەن ئابدۇشۈكۈر بىر نەچچە ئۇستىلارنى ئېلىپ كەلگەن. جاۋدىيەنجا بىلەن ئابدۇشۈكۈر ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ جاينىڭ تاش قاتلىمى ئارىسىدا ئالتۇن بار دەپ ھۆكۈم چىقارغان ھەمدە چوڭقۇرىسىغا قازغاندا دېگەندەك تاش قاتلىمى ئارىسىدا ئالتۇن بارلىقى دەسلەپكى قەدەمدە سېزىلگەن، بۇ نەتىجە بۇلارنى ئىلھاملاندۇرغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر ئۆڭكۈرگە يولۇققان، بۇ ئۆڭكۈر ناھايىتى قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك ئىدى. ئەمما تېزرەك نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن جاۋدىيەنجا بىلەن ئابدۇشۈكۈر ئاغامچا بىلەن ئۆڭكۈرگە چۈشۈپ قارا چىراق بىلەن يەر قاتلىمىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ خاتىرىلەپ، يەر ئاستى قاتلىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە 1 - قوللۇق ماتېرىيال تەييارلىدى.

بۇ « ئالتۇن ئۇۋىسى » نى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشتا يولداش جاۋدىيەنجا ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان. ئۇ كان ئېچىشتا كونا زامكىلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ

تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى ئىنچىكە ئىشلەپ، ئاخىرى بۇ كانىنىڭ ھاسىل بولۇش قانۇنىيىتىنى ئىزدەپ تاپتى ھەمدە يەر قاتلىمىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن نەچچە كان تومۇرلىرىنى تاپتى. ھازىر بىر يېڭى ئالتۇن كېنى ۋە يەنە بىر كان زاۋۇتى لايىھەلەنمەكتە. شۇنداقلا جاۋدىيەنجاننىڭ باشچىلىقىدا نەچچە ئون زىيالىي ياش 3 يىل ئىچىدە بۇ جايدىن 2000 سەردىن ئوشۇق ئالتۇن قازغان.

مەن مۇخبىر بولغانلىقىم ئۈچۈن، زىيارەت قىلغان ئادەمنىڭ كەمتەرلىك قىلىشىنى ياقتۇرمايمەن، بىراق ئالتۇن قېزىش كۆرىشىدىن ئۇچۇر بەرگەن ئىنژېنېر ياڭشىڭزۇ ھەقىقەتەن كەمتەر ئادەم. ئۇ ھازىر 704 - ئەترەتتىن يۆتكىلىپ شىركەتتە باش ئىنژېنېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بالا - چاقىسى تېخى قۇمۇلدا، ئۆزى ھازىر ۋاقىتلىق رەڭلىك مېتال ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىز شىنجاڭنىڭ رەڭلىك مېتال سىستېمىسى ۋە 704 - ئەترەتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇ بىزگە باشقىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ھارماي - تالماي سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۆزى ئۈستىدە گەپ بولغاندا ناھايىتى ئاز سۆزلەيدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئالىيجاناب پاك ئەخلاقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەن باشقىلاردىن ئىگىلىشىمچە يولداش ياڭشىڭزۇ شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك خىزمىتى نەزەرىيىسىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. ئۇ يۈننەنلىك بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بىر بىئولوگىيە ئالىمى بولۇشقا بەل باغلىغانىدى. ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن مەزگىل يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان ۋاقىت بولغاچقا، دۆلەتكە گېئولوگ خادىملىرى تازا ئېھتىياج ئىدى. ئۇ مەلۇماتلىق، ساغلام بولغاچقا گېئولوگ قوشۇنىغا تاللاندى. ئىككى يىل ئىچىدە داشۆنىڭ 4 يىللىق دەرسىنى ئوقۇپ تۈگەتتى. يازلىق ۋە قىشلىق كانىكۇل چاغلىرىدا نەق مەيدانغا بېرىپ پراكتىكا قىلدى. 50 - يىللاردا ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ ئالتاي تاغلىرىدا كەم ئۇچرايدىغان مېتاللارنى ئىزدەش بىلەن شۇغۇللاندى. 704 - ئەترەت قۇرۇلۇپ سىرتتىن تايانچ كۈچلەرنى يۆتكەۋاتقان چاغدا، شىركەتكە يۆتكىلىپ كېلىپ خىزمەت ئىشلەۋاتقان يولداش ياڭشىڭزۇ ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلىپ ئورۇمچىدىن قۇمۇلغا باردى.

ئۇ شۇنداق دەيدۇ: بۇرۇن بىر دۆلەتنىڭ باي، قۇدرەتلىك بولۇشىنى شۇ دۆلەتنىڭ ئوق، قوراللىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەيتتى. ھازىر ئالتۇن زاپىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى.

دۆلىتىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەبلەغ يېتىش-

مەسىلىك ئېغىر. شىنجاڭدا بولسا بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك. كېيىنكى ئەسىردە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى غەرب تەرەپكە يۆتكەش، شىنجاڭدا ستىراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن بىزدە چوقۇم يېتىشكىدەك مەبلەغ بولۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا غەربنى ئېچىش، شىنجاڭدا ئىستىراتېگىيىلىك ئۆزگىرىش ياساش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭرى، قاتناش ئارقىدا، مۇساپە يوللىرى ئۇزۇن بولغاچقا نۇرغۇن مەھسۇلاتلار رىقابەتلىشىش كۈچىنى يوقاتقان. مەسىلەن، شىنجاڭنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى تېخى ئارقىدا. بىز ئەگەر بەزى ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى كۆپلەپ قازغىنىمىزدا، يەنە كېلىپ ئۇنى نەچچە مىڭ چاقىرىم ھەتتا نەچچە تۈمەن چاقىرىم يىراق جايغا ئاپىرىپ پىششىقلاپ ئىشلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي پايدىسى ئۆزلۈكىدىن تۆۋەنلەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئىشلەتمەي ساقلاشقا توغرا كەلسە ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىسكىلاتلارنى ئىگىلەپ بىزگە يەنە ئىقتىسادىي زىيان سالىدۇ. ئەمما كۆپلەپ ئالتۇن قازغاندا ئۇ بىزگە يۈز ھەسسىلەپ پايدا ئېلىپ كېلىدىكى ھەرگىز زىيان سالمايدۇ.

ئالتۇن قىممەت باھالىق مېتال، ئۇنىڭ ئۆزى ئۆلمەس پۇل. پىششىقلاپ ئىشلەش سەنئىتى ئاددىي، تەننەرقى تۆۋەن. ئالتۇن ئېغىر ماددا بولۇپ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ھەر قانداق بىر بانكا ئالتۇننى ئىشلىتىشكە زۆرۈر ئېھتىياجلىق. شۇڭلاشقا بۇنىڭدا قاتناش مەسىلىسى، ئىسكىلات مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ھازىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا مەبلەغكە ئېھتىياج بولۇۋاتىمىز، كېيىنكى ئەسىرگە بارغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نۇقتىسى غەربكە ۋە شىنجاڭغا يۆتكىلىدۇ. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى خېلى تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز كۆپلەپ باشقا مېتاللارنى قازساق، ئۆز جايىمىزدا پىششىقلاپ ئىشلىسەك، ئۆز جايىمىزدا ئىشلەتسەك، ترانسپورت ـ توشۇش ئىشلىرى قىسقىراپ تەننەرقىمۇ تۆۋەنلەيدۇ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مېنىڭچە شىنجاڭدا گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ نۇقتىسىنى ئالتۇن تەكشۈرۈش، قېزىشقا قويۇش. ئالتۇن تېپىش ئاساس، باشقا كان بايلىقلىرىنى تېپىش قوشۇمچە بولۇشى كېرەك.»

ئۇنىڭ بۇ چوڭقۇر مېغىزلىق بايانى مېنى قايىل قىلدى. ئۇ يەنە ماڭا مەملىكىتىمىز ۋە شىنجاڭنىڭ ئالتۇن ئىزدەش قىزغىنلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەردى.

قەدىرلىك جۇڭگولى بىلەن دېڭ بەۋۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشىغا

ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ھەمدە يولداش ۋاڭجېنغا بۇ خىزمەتنى تۇتۇشنى ھا-
ۋالە قىلغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، يولداش ۋاڭجېن،
مەلۇم داشۆنىڭ پروفېسسورىنى تەكلىپ قىلىپ بىرلىكتە دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي
ۋە غەربىنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. يولداش ۋاڭجېن
بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. 3 ـ ئۇ-
مۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ۋە گوۋۇيۈەن ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا كوندىن ـ
كونگە ئېتىبار بەردى. گوۋۇيۈەندە ئالتۇن قېدىرىپ تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇ-
رۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەملىكەت بويىچە ئالتۇن ئىشلەپ-
چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرىدۇ. يېقىنقى ئىككى يىلدىن
بۇيان مەملىكەت بويىچە ئالتۇن خىزمەت يىغىنى چاقىرىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ نىشانى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىقتىسادنى ئىككى قات-
لاش. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى ئاجىز بولغاچقا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىقتى-
سادى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ۋە رايونلار بىلەن مۈرىنى ـ مۈرىگە تىرەپ بىر-
لىكتە ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن كۆرەش نىشانىمىزنى ئىككى يېرىم قاتلاشنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون،
رەڭلىك مېتال شىركىتىگە «يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان ئاخىرىغىچە 50 مىڭ
سەر ئالتۇن، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 300 مىڭ سەر ئالتۇن ئىشلەپچىقى-
رىش» ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. بۇ شەرەپلىك ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى غەلىبىلىك
ئورۇنلاش ئۈچۈن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بارلىق گېئولوگ خىزمەتچىلىرى رايون
چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، زور كۆلەملىك ھەيۋەتلىك ئال-
تۇن قېزىش جېڭى باشلىۋەتتى. بۇ بىر مەيدان جەڭنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ بىر مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلو-
مېتىر زېمىنىدا تۆت قوشۇن جەڭ ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار: يەر ـ كان مىنىستىرلىك
سىستېمىسىنىڭ گېئولوگ ئەترىتى، رەڭلىك مېتال سىستېمىسىنىڭ (704 ـ ئەترەتمۇ
بۇنىڭ ئىچىدە) گېئولوگ ئەترىتى، يادرو سانائەتى مىنىستىرلىكىنىڭ گېئولوگ
ئەترىتى، قوراللىق قىسىم باش ئەترىتىنىڭ ئالتۇن قېزىش قىسمىدىن ئىبارەت.

بۇ 4 قوشۇن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ كۆرەش قىلىپ بۇرۇنقى ئالتۇن تا-
ۋاقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ۋەزىيەتكە خاتىمە بەردى. نەچچە
مىڭ يىللاردىن بۇيان قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان ئالتۇنجان ئويغىنىپ سوزۇك ئا-
لەمگە كۆز نۇرىنى چاقناتتى، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنى باياشاتلىققا ئې-
رىشتۈرۈش ئۈچۈن، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان شىنجاڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق

گۈللىنىش دەۋرى ئۈچۈن يېڭى بىر يول ئېچىلدى.

باش ئىنژېنېر بىر خىل ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ئىچ-
ئىچىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى ئۇ ئاشۇ 4 قوشۇنىنىڭ بىردەك
يەنى رەڭلىك مېتال سىستېمىسىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ-دە! بىز ناھايىتى ئۇزاق
سۆھبەتلەشتۇق. ئۇ مېنى مېھمانخانا دەرۋازىسىغا ئۇزىتىپ چىققاندا تالادا قار
يېغىۋاتقانىكەن. بۇ 87-يىلدىكى تۇنجى قار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا مەن پۈتۈن
زېمىندىن ئالتۇن قېزىشقا ئاتلىنايلى! ئالتۇن قېزىشقا ئاتلىنايلى!...دېگەن
سادانى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

بىراق...

مەيلى 704-ئەترەتتىكى 4 نەپەر ئىنژېنېر بولسۇن، تەشۋىقات بۆلۈم باش-
لىقى ماۋشۇمىڭ بولسۇن ياكى ئىنژېنېر ياڭشىڭزۇ بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك
قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسى — گېئولوگ خىزمىتىدە ئىز باسار-
لار مەسىلىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈشتى.

مۇنداق بولۇشقا بىۋاسىتە سەۋەب 10 يىللىق مالىمانچىلىق بولدى. ياڭ-
شىڭزۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئىختىساسلىق كىشىلىرىمىز ئوتتۇرىدا
ئۈزۈلۈپ قالغان، 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا گېئولوگ خادىملىرى تەربىيىلەنمىدى،
ھازىرقى گېئولوگ خادىملىرى ياشلىرى ياش، قېرىلىرى — قېرى بولۇپ ئوتتۇرىدا
بىر ئەۋلاد ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇڭلاشقا پېشقەدەم گېئولوگ خادىملىرى سالامەتلىكى
يار بەرمىسىمۇ 1-سەپتە ئىشلەشكە توغرا كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ۋاقىت چىقىرىپ
ئولتۇرۇپ نەچچە ئون يىللىق گېئولوگ خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەش، تەتقىق قىلىش، بەزى
قانۇنىيەتلىك نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىگە ۋاقىت يار بەرمەيۋاتىدۇ، ئەگەر يا-
شانغانلارنىڭ ھەممىسى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانسا ياشلار تېخى پىشىپ
يېتىشمىگەن، شۇڭا ئۇلاردىن تازا خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. گېئولوگىيە خىزمىتى
بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلىسەك قائىدە بو-
يىچە گېئولوگىيە خىزمىتى ئىقتىسادىي خىزمەتتىن ئاز دېگەندە 10 يىل ئىلگى-
رى مېڭىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتىنى ئىشەنچ-
لىك تەبىئىي بايلىق بىلەن كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بىز ھازىر 10 يىل
ئارقىدا قالدۇق، باشقا دۆلەتلەر 10 يىل ئالدىدا كەتتى، مۇنداق سېلىشتۇر-
غاندا باشقىلاردىن 20 يىل ئارقىدا قالدۇق، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بۇ مەسىلە
بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ، بىز پەرقنى كېمەيتىپ، باشقىلارغا يېتىشىۋې-
لىشىمىز ئۈچۈن قەدىمىمىزنى تېزرەك ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى

ئورۇنلاشتا ياشانغان گېئولوگىيە خادىملىرى ھەم ياش گېئولوگىيە خادىملىرى ۋە يېڭى تولۇقلانغان ياش گېئولوگىيە خادىملىرىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما گېئولوگىيە مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىنتايىن قىيىن، بەزى گېئولوگىيە پېنىنى ئوقۇغان ستودېنتلار دائىم ئۆز كەسپىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ياكى بولمىسا بىرنەچچە يىل ئىشلەپ كەسىپ ئۆزگەرتىپ باشقا ئورۇنغا كېتىدۇ. يولداش ئابدۇشۈكۈر ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا: 50 - يىللاردا تەربىيىلەنگەن ھەر مىللەت گېئولوگ خادىملىرىدىن ھازىرغىچە ئۆز ئورنىدا تەۋرەنمەي ئىشلەۋاتقانلاردىن يالغۇز ئۆزىلا قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇشۈكۈر داشۆدە ئوقۇمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ 3 ئوغلىدىن ئىككىسى داشۆنى پۈتتۈرگەن. ئەمما ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ، گېئولوگ كەسپىدە ئوقۇمىغان. ئۇ كىچىك ئوغلىنى گېئولوگ كەسپىنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ ئوغلى ئۇنىمىغان. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: بىر يىللاردا يوقىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەترىتىگە ئىككى ستودېنت تەقسىم قىلغان. بىراق ئۇلار بۇ ئەترەتكە بېرىشقا زادى ئۇنىمىغان، ئاخىرى كەلمىگەن.

ئېيتماقچى گېئولوگىيە خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما كىشىلەر بۇ خىزمەتنى ئىشلەشنى ياقتۇرمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى كۆپ تەرەپتىن كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شەخسلەرنىڭ نام - ئاتاق چىقىرىشى ناھايىتى تەس. لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ جاپالىقلىقىدا، بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەنلەر بىر يىلنىڭ يېرىمىدا دېگۈدەك شەھەرلەردىن يىراق بولغان، ئادىمىزات يوق چۆل - جەزىرىدە تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتى ناچار، ھاۋا كېلىماتى ئوسال. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمدە ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. شۇڭلاشقا گېئولوگىيە خىزمىتىدىن نۇرغۇن كىشىلەر يالتىيىدۇ.

704 - ئەترەت 30 نەچچە يىلدىن بۇيان نۇرغۇن كانلارنى تاپتى، دۆلەتكىمۇ نۇرغۇن پايدا ياراتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى يەنىلا ئادەتتىكىدەك، مەسىلەن: ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ئالساق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر نەچچە بىنا سالغان، بۇ بىنا پەقەت بىر بۆلەك كونا ئىشچى ۋە كادىرلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالىغان، بىراق 1 - سەپتە كۆرەش قىلىۋاتقان ياش خىزمەتچىلەر ئەترەتتىن يىراق بولغان يېزا ئىگىلىك مەيدانىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرماقتا، بويتاقلار بولسا تېخىچە ئەترەت قۇرۇلغاندا سېلىنغان كونا كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرماقتا. بويتاقلار ياتاقلىرىدا يېتىپ، تورۇستىكى چاشقانلارنىڭ ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ مەشرەپ قىلغانلىرىنى كۆرگەندە «قاچانمۇ يېڭى بىنالارغا كۆچەرمىز»

دەپ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشاتتى. ئۆي بولمىغاچقا ياشلارنىڭ توي قىلىشمىغىنىغا چۈشەنتى.

سۆزلىمىسە بولمايدىغان يەنە بىر ئىش — مائاش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە 704 - ئەترەتتىكى بارلىق كادىر ۋە تېخنىك خادىملارنىڭ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەل بولمايۋاتقان مەسىلىسى، بۇ مەسىلىنىڭ قاچان ھەل بولىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم.

704 - ئەترەتنىڭ ئۇ يىنىدا يەر - كان ئىدارىسىنىڭ 6 - ئەترىتى بار. بۇ ئىككى ئەترەتنىڭ قىلىدىغان خىزمەت خاراكتېرى، تارتىدىغان جاپاسى ئوخشاش، ئەمما مائاش ئۆلچىمى ئوخشاش ئەمەس، بۇرۇن ئىشچى - كادىر ھەممىسىنىڭ مائاشى ئۇلاردىن تۆۋەن ئىدى، كېيىن ئىشچىلارنىڭ مائاشى ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لېكىن كادىر - تېخنىك خادىملارنىڭ مائاشى ئۇلاردىن يەنىلا تۆۋەن، ھازىر 704 - ئەترەتتىكى كادىر - تېخنىك خادىملارنىڭ مائاشى ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن. رايون ياردەم پۇلى ئۇلارنىڭ 32%، ئەمما 704 - ئەترەتنىڭ 23%، تازىلىق پۇلى بىر پەسىلدە ئاران 5 يۈەن، بىر سىستېمىنى پۈتتۈرۈپ بىللە خىزمەتكە قاتناشقان ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىككى ئورۇندىكى مائاش ئۆلچىمى ئوخشاش ئەمەس.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 704 - ئەترەتتىكى يولداشلار يۇقىرىغا 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاز قاترىمىغان، ئەمما نەتىجە بەرمىگەن. بۇنىڭدىن ئەترەتتىكى بەزى يولداشلار ئاغرىنىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى قالايمىقانچىلىق، تەشكىلسىزلىك ھالەتتىن پايدىلىنىپ بىر بۆلەك ئادەملەر ئەترەتتىن ئايرىلىپ گەنسۇغا كېتىپ قالغان.

## كېلەچىكىمىز پارلاق

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىز 704 - ئەترەتتىن ئۈمىد يۇلتۇزىنى كۆردۇق، باشقا ئىشلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىزنىڭ پېشقەدەم بىر ئەۋلاد گېئولوگ خادىملىرىمىزدىن جاۋشىمىڭ، جاۋدېيەنجا، ئابدۇشۈكۈر، باش ئىنژېنېر ياڭشىڭزۇلار پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالماي، ئىشىنى توختاتماي، شىنجاڭنىڭ گېئولوگ خىزمىتى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرۇپ قان - تەرىنى ئاققۇزماقتا. مەن ياشلارغىمۇ ئۈمىدنى باغلىدىم. مەسىلەن: شىن ماۋچىڭ، خەن يى، شۈكەيجىن، ساۋجىڭجۈڭ قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز لوكىدىن شىنجاڭغا كەلگەن، بۇلاردىن بەزىلىرى پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىپ ھالقىلىق خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

مەن خېنىي، ساۋجىگجۇن، يوچاڭجۇن قاتارلىق ياشلار بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆھبەتلەشتىم.

خېنىي ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەن، يوتىنەنلىك نازۇك بىر قىزچاق ئىدى، ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلىرىغا مەسلىھەت سالماي ئىشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەۋەرلەندۈرگەن. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئاتا - ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن خەت - چەكلىرىگە ياخشى تەرەپلەرنىلا يازغان.

يوچاڭجۇن ئاددىي - ساددا يۇرتىدىن بىر ياش بولۇپ، ئۇ ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەشتىن سىرت، قۇمۇل تارىخىنى تەتقىق قىلاتتى ھەم سالامەتلىك ۋە ئۇزۇنلۇق ئۇستىدىمۇ ئىزدىنەتتى، ئۇ ھەر كۈنى تەنھەرىكەت ئويناپ ئاشقازان كېسىلىنى داۋالايتتى، ئۇ يەنە خەت ئارقىلىق ئوقۇيدىغان ئەدەبىيات سىنىپىدا ئوقۇيتتى. كىتاب كۆرۈشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بەزى ئىشلار توغرىلىق كۆپرەك قايىنايتتى، قايىنىشىنىڭ ئاساسىمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلاردىن ئۇدۇللا:

— سىلەر 704 - ئەترەتتە خاتىرجەم ئىشلەۋېرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدىم. شاۋخېن ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، شياۋيۇ جاۋاب بەرمىدى، شياۋساۋ سەل تۇرۇۋېلىپ:

— ئازراق ئەندىشىمىزمۇ بار، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا سىلەر گېئولوگ كەسپى بىلەن شۇغۇللانغىنىڭلارغا پۇشايمان قىلامسىلەر؟

— ياق! — دەپ جاۋاب بەردى. شياۋساۋ بۇ سوئالغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن: پۇشايمان قىلمايمىز، بىزنىڭ پۇشايمان قىلىدىغان ۋاقتىمىز تېخى كەلمىدى … ئۇلارنىڭ پۇشايمان قىلمايمىز دېگەن كەسكىن جاۋابىدىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە زور ئۈمىد باغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياش دوستلار، كەلگۈسى ھەقىقەتەن سىلەرگە مەنسۇپ. بىز كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، كەلگۈسىنىڭ قانچىلىك گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

7 - بەش يىللىق پىلاننىڭ 11 - ماددىسىدا مەخسۇس گېئولوگ تەكشۈرۈش خىزمىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، سۆز بېشىدىلا گېئولوگ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتەيلى، دەپ يېزىلغان ھەمدە بۇنىڭدىكى بەزى سىياسەت -

تەدبىرلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. 10 - تەدبىردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر بۆلۈك گېئولوگ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىنى ئالاھىدە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش يېزىلغان. 3 - ماددىسىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: داللىدا ئىشلەيدىغان ئەترەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش بازىسىنى ياخشى قۇرۇش، تەدرىجىي ھالدا داللىدا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىسلاھات دۆلىتىمىزگە، مىللىتىمىزگە پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ كەلدى، ئىسلاھات گېئولوگىيە خىزمىتىنىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندۇردى.

ئەگەر بىز نەزىرىمىزنى يەنىمۇ يىراقراقتا تاشلىساق كەلگۈسى ھەقىقەتەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. 21 - ئەسىردە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش نۇقتىسى غەرب تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئاسىيا بىلەن ياۋروپا يوللىرىمۇ تەلتۆكۈس تۇتىشىدۇ، شىنجاڭنىڭ 3 - قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى چاقماق تېزلىكىدە نامايان بولۇپ، خەلقى - ئالەمگە تونۇلىدۇ، شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنى يىپەك يولى دەۋرىگە، ھازىرقى دەۋرىمىزگە سېلىشتۇرىدىغان بولساق ئۇ دەۋر چەكسىز باياشادلىققا تولغان، نەچچە ھەسسە تەرەققىي تاپقان دەۋر بولۇپ قالىدۇ.

بىز بىر مەيدان داغدۇغىلىق ئالتۇن قېزىش جېڭى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، بىزنىڭ بۇ ئىشلىرىمىز ئالتۇندەك قىممەتلىك، بىزنىڭ مۇساپىمىز ئالتۇنغا ئوخشاش پارلاق نۇرىنى چاچىدۇ!

(بۇ ماقالىدا يولداش ماۋشۈمىڭ بەزى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن).

---

(بېشى 111 - بەتتە)

— كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. بىز ئەمدى غەيرىي رەسمىي تەشكىلات سۈپىتىدە ب د ت م پ م بىلەن دائىمىي ئالاقىدا بولىمىز. ئەمدى قەيەردە يىغىلىمايلۇق، يىغىنلىرىمىزغا ب د ت م پ م ۋەكىللىرىمۇ ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلىرىمىزنى ئۆز مەتبۇئاتىدا بېسىپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ب د ت م پ م ئۇچرىشىشلىرىمىزنى تەشكىللەشتىمۇ بىۋاسىتە ياردەم بېرىدىغان بولدى.

كېڭىشىمىزنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى دۇنيادىكى ئۆزىگە ئوخشاش باشقا غەيرىي رەسمىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىش. بىز يېقىندا «رىم كلۇبى» ۋە دۇنيا پەن ۋە سەنئەت ئاكادېمىيىسى بىلەنمۇ ئالاقە ئورناتتۇق.

سۆھبەتنى ئەنۋەر جۆرەبايېۋ ئېلىپ باردى (1987 يىل) «شەرق يۇلتۇزى» 1987 - يىلى 7 - سانىدىن پەرھات جىلان تەرجىمە قىلدى.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

# ئوت شەھىرىدىكى ئوتلۇق نەپەسلەر

(شېئىرلار)



ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۇسىنىڭ مۇئاۋىن بۇجاڭى ھەبىبۇللا رېقىپ باشچىلىقىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ياش يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە تۇرپاندا تۇرمۇش ئۆگىنىش، ئىسلاھات ئىچىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش، قەدىمي ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

تۆۋەندە بىر قىسىم شائىرلارنىڭ تۇرپاندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىدە ئوقۇغان شېئىرلىرىنى باستۇق.

## ئېخ، تۇرپان، نە ئۈچۈن تىنىقىڭ ئوتلۇق

### ئەخمەت ئىمىن

بىر چاغلار كۆرۈۋېدىم تىلسىم تاغدا،
ئۆمچۈك تور باغلىغان تاغ كۆزىنى.
شۇ قېلىن تور قاپلىغان غارغا قاراپ،
ئويلىغان بىر رۇپاشىنىڭ گۈل يۈزىنى.

ئاچقاندەك شۇ جانانىنىڭ چۈمبىلىنى،
قايرىغان غار ئاغزىنىڭ تورلىرىنى.
ئىچىگە كىرگەن ئاستا كۆرگەن تامام،
سۈرىنى، زۇلمىتىنى، سىرلىرىنى.



ئاردىن ئۆتتى پەقەت نەچچە كۈنلا،
بوپقالدىم مەن بىر دەردكە بەنت - مۇپتىلا.
قىيىندى سەۋدايى دەرد ئىچ - ئىچىمدىن،
تاپمىدىم ئەمىنلىكنى ھېچ زادىلا.
جىسمىمدا ماگىمدەك ئوت يېلىنجايدۇ،
يۈرىكىم كاۋاپ كەبى بىژىلدايدۇ.
ئىچىمدىن ئاھ - پىغانىم ئۆرگە تېپىپ،
ئاھ، زەئىپ تىنىقىممۇ غىژىلدايدۇ.
تور كەبى چىرمىدى دەرد ئىدرىكىمنى،
ھېچكىمگە ھېچ ئېيتمىدىم دىل سىرىمنى.
دەردىمگە داۋا ئىزدەپ قىلدىم سەپەر،
رەڭگىمگە تەمكىنلىكتىن قىلىپ گىرىمنى.
قالمىدى مەن چىقمىغان بوغدا كۆلى،
يورۇقلاش، كۆنچى ھەتتا سايرام بويى.
باشىمدى يۈرىكىمنىڭ ئوتلىرىنى،
سالقىنلىق ھەتتا قارلىق تاغنىڭ سۈيى.
ئاقىبەت قىلدىم نىدا بىر ئىنسانغا:
يوقمىدۇ بۇ دەردىمگە ھېچبىر داۋا؟
شۇنچە جان يۈرىشىدۇ ئەركىن تىنىپ،
نە ئۈچۈن يېتىشمەيدۇ ماڭا ھاۋا؟
ئۇ دېدى: ئىچىڭدە گەر بولسا ئوتۇڭ،
ھاۋانىڭ ئوتى بىلەن تاپار شىپا.
زەھەرنى زەھەر بىلەن يوقاتقاندەك،
بىر يولى سەندىن يۈتەر دەردۇ - جاپا.
شۇ ئاقىل سۆزى بىلەن كەلدىم بۇيان،
سەۋدالىق سىرلىرىممۇ بولدى ئايان.
ئالدىرىما سوئال قويۇپ، بۇرادىرىم،
مەن ساڭا بىرلەپ - بىرلەپ قىلاي بايان.
تەڭرىتاغ بولسا ئەگەر گىگانت ئوچاق،
بۇ ماكان چوغ تاشلىغان گۈلەخ ئىكەن.
پاھ، پاھ، پاھ! ئىچىممۇ ئوت، سىرتىممۇ ئوت،
باشىمغا كەلدى قوشلاپ دەرد - غەم دېگەن.
بۇيلۇقنىڭ جىراسىدىن ئاققان شەربەت،
بۇ ئوتقا بەرسە بەرھەم ئەجەب ئەمەس.
شۇ ئويدا باستىم ئاياغ باغرى تامان،
يەنە شۇ سەۋدالىقتا مەن مەس - ئەلەس.
بىناگاھ ئۈزۈمزاردىن كەلدى شەپە،
بۇرۇلدۇم، بىر قاراپلا قېتىپ قالدىم.
دەرىخا، نە مۆجىزە، نە كارامەت،
بىلمەيمەن يەنە قانداق چۇقان سالدىم.
ئالدىمدا تۇرار جانان — قەدىناسىم،
كۆزىدە مېھرى ئوتى ئۇچقۇن چېچىپ.
قاپقارا قۇندۇز چېچى شۆكىدەك ئۇزۇن،
لەۋلىرى سايۋا كەبى جۇلالىنىپ.
يۈگۈردۈم، ئۇمۇ كەلدى قۇچاق ئېچىپ،

ئۇ سۆيدى، مەنمۇ سۆيدۇم قېنىپ - قېنىپ.
ئوتلۇق لەۋ، ئوتلۇق قۇچاق باستى تەپنى،
ئوتلىرىدىم ئوتلۇق تەنگە كەتتى سىڭىپ.
ھە، ئەمدى دەردلىك سەۋدا كەتتى مەندىن،
يۈرىمەن يارىم بىلەن ئەركىن تىنىپ.
ۋە لېكىن بۇ ماكانغا مەن بەك ھەيران،
نېمانچە ئۆرتىدۇ ئوتتەك يېنىپ.
مېنىڭغۇ ئۆرتىلىشىم ئوت پىراقتىن،
بۇ يەرچۇ، ئۆرتىلىدۇ نە سەۋەبتىن.
نە ئۈچۈن تىنىقلىرى بۇنچە ئوتلۇق،

مەسمۇ يا مۇسەللەستىن، مەي سەلەبتىن.
بىر چاغلار يالقۇنتاغدا ئۆرلىگەن ئوت
بۇ جاينىڭ قەلبىگە ئوت ياققانمۇ يا؟
ئوت يۈرەك ھارارىتىن سوۋۇتماق بوپ
كارىزدا مۇزدەك سۇلار ئاققانمۇ يا؟
بىلمىدىم، بىلەلمىدىم، نە سەۋەبتىن
تۇرپاننىڭ تىنىقلىرى بۇنچە ئوتلۇق.
سوئالغا سۈكۈت قىلىش گۇناھ ئىمىش
جان دوستۇم، بەرگىن جاۋاب، بەرگىن تولۇق.

## قۇياش تۇققان شەھەر بۇ

ئابلىكىم باقى

ھە دوستۇم مەندىن سوئال سوراپ قالدىڭ،
تەپەككۇر مەنزىلىمنى توراپ قالدىڭ.
تۇرپاننىڭ خاسىيەتلىك سىرلىرىدىن،
تور ياساپ يۈرىكىمنى ئوراپ ئالدىڭ.

ئالەم ئۇ ئالقاندىكى ئالما بولسا،
تۇرپان ئۇ مەركىزدىكى زىناقىمىكىن؟
يالقۇندىن، ئىسسىق ئوتتىن، ھارارەتتىن،
باشلىنسام رىۋايەتلەر يىراقىمىكىن.

يەر - ئانا، زېمىن گويا جانان ئىكەن،
سەييارىلار ئارىسىدا سەيىر ئەتكەن.
پىقىراپ بىر پەيدىگە ئۇسسۇل ئويناپ،
قۇياشنى رۇخسارىغا جەلپ ئەتكەن،

زەرقۇياش كۆيەر ئىكەن يەر ئىشقىدا،
ئوت بولۇپ، گۈلخان بولۇپ، يالقۇن بولۇپ.
يەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەر ئىكەن،
ناز بىلەن قىيا بېقىپ ھەم تولغۇنۇپ.

ھەر سەھەر سۆيگۈ پىراق ئاسمىنىدا،
كۈن يەرگە ئەجدەرھادەك ئوت چاچاركەن.
زېمىننىڭ ۋۇجۇدىغا ئوتلار يېقىپ،
مۇھەببەت ۋىسالىغا يول ئاچاركەن.

ئەسىرلەر داۋام ئەتكەن ساداقەتتىن،
يېيىپتۇ زېمىن كۆنگە قۇچىقىنى،
كۆپ ئۆتمەي ئۇ قۇياشتىن ئېغىر بوي بوپ،
ئېچىپتۇ تۇنجى ئەۋلاد يۇچىقىنى.

ھە، يەرنىڭ تۇنجى ئوغلى تۇرپان ئىكەن،
قۇياشنىڭ تۇنجى ئوغلى تۇرپان ئىكەن.
شۇڭلاشقا تەپتى ئۇنىڭ ئاتەش گويا،
تۇرپاننى دېمەك قۇياش تۇغقان ئىكەن.

رىۋايەت ئېلىنسىمۇ ئىناۋەتكە،
گۇمانىم يول بەرمەيدۇ رىۋايەتكە.
قۇياشتا قانداق قىلىپ ھايات بولسۇن؟
يەر بەرداش بېرەلمەس ئۇ ھارارەتكە.

قاراپ باق تۇرپان قىزىق تونۇردەكلا،
سۆيگۈنىڭ ئوچىقىدا چوغدەك كۆيگەن.
ھەر ئىنسان يۈرىكىدە بىردىن قۇياش،
ئانا يۇرت ـ دىيارىنى دىلدىن سۆيگەن.

ئات مىنىپ، قىلىچ تۇتۇپ، تۇغ ئوينىتقان،
پالۋانلار قەلبىدىكى قايسى يالقۇن.
ھەيرانىمەن مەنمۇ تۇرپان يالقۇنىغا،
ئاشۇ سىر تىپىرلايدۇ ياساپ دولقۇن.

## سۆيگۈ شارابى

### مۇھەممەت روزى يارقىن



ئىچكىنىمدە سەن ئۇزاتقان مەينى مەن،
ئىپتىخارلىق ئىلكىدە ياندى بويۇم.
كۆزلىرىمدە چاقنىدى شادلىق نۇرى،
ئىككى مىلك يىل ئالدىغا كەتتى ئويۇم.
ئۇ زامان ئەجداد بويۇكتۇر تاغ كەبى،
ئىدىقۇت گوياكى ئاۋات باغ كەبى.
ھەر كونى قوينىدا مېھنەت، كەشپىيات،
ئۆزگۈلەر ئۇ چاغدا تېخى بىر سەبى.
ئىدىقۇتتا يارىلىپ ئىچكۈ ـ شاراب،

ئەھلى سۈردى كەڭ جاھاننىڭ پەيزىنى،
دوستلىرىنى قىلدى مەسغۇش، شادىمان،
دۈشمىنىگە ئۇردى خەنجەر، نەيزىنى.
تۆھپىسىگە ئىپتى ئالقىش تەڭرىتاغ،
چالدى بۇرغا جۇر بولۇپ ئۇرخۇن بويى.
ئىلى، ئالتاي، ئامۇ، بالقاش، ئارالنىڭ،
كونى تۇغدى. قىزىدى ياشلىق تويى.
كەلدى خەننىڭ ئەلچىسى، ئىچتى شاراب،
جان ـ تېنىگە كەتتى شۇدەم ئوت تاراپ.
قىلدى خەننى مەھلىيا بۇ خاسىيەت،
بۇ دىيارغا قىزىنى تۇتتى ئاتاپ.
ھىندى، پارىس بولدى مەيگە خېرىدار،
كەلدى يونان مەرتلىرىمۇ ئات سىلىپ.
ۋە لېكىن غەلىبە شارابى ئىچمىدى،
كەتتى ئاخىردەرت يۇتۇپ، ھەسرەت چېكىپ.
قالدى ئۇ تارىخ بولۇپ، ئۆتمۈش بولۇپ،
ۋە لېكىن ئۆچمەيدۇ تۆھپەڭ مەڭگۈگە.
ئىچسە كىم مەينى قەدەھكە تولدۇرۇپ،
تولغۇسى قەلبى، ۋۇجۇدى سۆيگۈگە!

## ئاتەش كۆيلەر

### ياسىن مۇخپۇل

جەڭگە چوشكەندە يىگىت ئىچسە شاراب،
بولغۇسى ياۋنىڭ شۇئان ھالى خاراب.

چۈنكى مەرتنىڭ يۈرىكى چوغ ماگىمدەك،
بولمىسا ئەل سانىماس باتۇر ئاتاپ.

كىم ئاتا قىلغان شارابقا خاسىيەت،
يار ئىككەن ئاتەش ئۇنىڭغا تا ئەبەد.
ئۇتنى ئوت باسقاندا لەززەت سورىيگىت،
ئوت شاراب كەتسۇن ۋۇجۇدۇڭغا تاراپ.

جەڭدە غالىپ جەڭچىلەر سورۇن تۈزۈپ،
ئىچسە مەينى مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ.
تولىمۇ ئالەمچە شادلىق قەلبىگە،
بۇندا كۆي ساز نەغمىگە قىلغاي تاۋاپ.

جەڭدە چالغاندا تەبىلۋاز بۇرغىنى،
ياۋ قاچار ئاڭلاپ ئاجايىپ ئۇرغىنى.
شۇندا مەردانىلار سىلىپ قىقاس چۇقان،
ياۋنى يەكسان ئەيلىگەن ھەريان ساۋاپ.

يەردە ئوت، ئاسماندا ئوت، دىللاردا ئوت،
بۇ زېمىندىن تارىغان ئالەمگە ئوت.
بىلمىسا ئاتەش يۈرەك سازەندىدە،
نەغمىسى قانداق كېتەر ئەلگە تاراپ.



## يالقۇنتاغنى سۆيگەن مېنى سۆيگەندەك

### قادىر ئارسلان

جانان بىلەن سەپەر قىلىپ تۇرپانغا،
كېلىپ قالدىم مېھرى ئوتلۇق ماكانغا.
ھايا جاندىن تومۇردا قان ئۇرغىدى،
يالقۇنتاغقا ھۆرمەت بىلەن باققاندا.

دېدىم ئاڭا: كەلگىنىمدە بۇندا مەن،
بولدۇم گويا ئۆز ئانامنى كۆرگەندەك.
بولاي دېسەڭ ئۆمرۈمنىڭ ھەمراھى،
يالقۇنتاغنى سۆيگىن مېنى سۆيگەندەك.

شوخ تەبەسسۇم ئۆچتى بىردىن چېھرىدىن،
لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇردى شۇندا يار.
دېدى رەنجىپ: نېچۇن كەلدۇق، ئېيتقىنا،
قاقاس تاغدا ساڭا نېمە لەززەت بار؟!

قارىغىنا، يالقۇنتاغنىڭ جىسمىدا،
ئوت - يالقۇنلار نېسىپ ئەتكەن ئەڭنى بار.
قىزىل تۇپراق، قىزىل تاشتا مەرتلەرنىڭ،
جەڭدە تۆككەن قانلىرىنىڭ رەڭگى بار.



شانلىق تارىخ گۇۋاھچىسى يالقۇنتاغ،
ئەلگە كۆيگەن يۈرەكلەردىن چۇغلانغان.
ئەرك ئۈچۈن، ھۆرلۈك ئۈچۈن تارىختا،
ئاڭا سانسىز مەرت يىگىتلەر توپلانغان.

ئۇ كۆتۈرگەن باتۇرلارنى يېشىدا،
ئوغلانلىرىم ھەرگىز ئارتقا يانما دەپ.
يالقۇنتاغنىڭ خىتابىدىن مەدەت ئېپ،
چەۋەندازلار ياۋنى قىرغان ئالغا دەپ.

شۇڭا دەيمەن كەلگىنىمدە بۇندا مەن،
بولدۇم گويا بىر تارىخنى كۆرگەندەك.
بولاي دېسەڭ ئۆمرۈمنىڭ ھەمراھى،
يالقۇنتاغنى سۆيگىن مېنى سۆيگەندەك.

## چىن گۈزەلنى كۆردۈم تۇرپاندا

جېلىل مۇھەممەت



بىر گۈزەلنى كۆردۈم بۇ يەردە،
ئاي ھەم كۈننى تۇغاركەن بەندە.
جاندىن ئەسەر قالمىدى تەندە،
شۇ گۈزەلنىڭ لىۋىدىن سۆيگەندە.


يارغول بويى، بۈيلۈق بېغىدا،
ئەركىلەپ، كۈلۈپ ئوينىشى گۈزەل.
قىيا بېقىپ يۈرەك قېتىغا،
كۆز بىلەن ئوت يېقىشى گۈزەل.
جامالىغۇ تەڭداشسىز گۈزەل،
قەلبى ئۇنىڭ ئاندىنمۇ گۈزەل.
شۇ گۈزەلنىڭ ئىشقى ئوتىدا،
ئاۋارىدۇرمەن ئېيتىپ مەن غەزەل.
يەتمىگىچە ۋەسلىگە ئەمدى،
ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈردى گۈزەل.

ئەۋلىرىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ،
قاچانغىچە ئېيتىمەن غەزەل.

گۈزەل ـ گۈزەل ئىشقىڭدا گۈزەل،
قاچانغىچە ئېيتارمەن غەزەل.

## يالقۇننىڭ سىرى

باۋۇدۇن نىياز



سوراركەن كىشىلەر تۇرپان ھەققىدە:
ـ «ئوت يۇرتى» دېگەن نام يارالغان قانداق؟
نېمىشقا بۇ جاينىڭ تاغلىرى يالقۇن،
شۆھرىتى جاھانغا تارالغان قانداق؟

ـ يارالغان دوستلۇرۇم بۇنداق ھارارەت،
دانكونىڭ قەلبىدەك ئوتلۇق قەلبتىن.

سۆيۈملۈك دىيارى ئانا ماكانغا،
ئاشىقى بىقارار باتۇر خەلقتىن.

باشقان بۇ جايدا تالاي قەھرىمان،
زۇلمەتلىك دەۋرگە باغدۇرۇپ نەپرەت.
شۇڭلاشقا تىنىمسىز لاۋۇلدايدۇ ئوت،
شۇ ئوتتىن چاچرىغان دۈشمەنگە لەنەت.

ھازىرمۇ تۇرپاندا يالقۇنجايدۇ ئوت،
تارقىتىپ زېمىنگە ئىللىق ھارارەت.
شۇ ئوتتىن نامايان تۇرپان خەلقىنىڭ،
بەختىيار دەۋرگە چەكسىز مۇھەببەت.

يالقۇنتاغ باغرىدا تۇغۇلغاچقا مەن،
يالقۇننىڭ تەپتىدە تاۋلانغان جىسمىم.
ئانا يۇرت باغرىنى كەلدىم سېغىنىپ،
باغلانغاچ يالقۇنغا مۇھەببەت رىشتىم.

## قۇم چەشمىلىرىگە سوئال

ھەسەن تىلىۋالدى

قۇم دېگىنىزى يارالغانمىكىن،
تاغۇ ـ تاشنىڭ گۇمۇرلىشىدىن.
قۇملار ھەريان تارالغانمىكىن،
بورانلارنىڭ گۈرۈلدىشىدىن.

باياۋانغا ئاشنا يار بولۇپ،
ياتقان قۇمنىڭ ماكانى نەدە؟
يىلان كەبى سىلاجىپ، ئۆچۈرۈپ،
شامال ئۇنى ئېلىپ كېتەر نەگە؟



ئەلمىساقتىن بارمىتى بۇ قۇم،
يا ئەرشىدىن چۈشكەنمۇ ئېقىپ؟
ئېمىپ قۇياش ھارارىتىنى،
ياتار يەرگە كۆكسىنى يېقىپ.

ئۇنىڭدا بار قانداق كارامەت.
شىپا بولار نىمجان يورەككە.
مۇزلىغاننى ئىللىتىپ قوينى،
تومۇزلاردا ئوخشار چېچەككە.

كۆپ ئەسىرلەر ياتتى كومۇش قۇم،
ئانا يەرگە قويۇپ باغرىنى.
سىڭىپ كەتتى كوچى تۇپراققا،
قىيالماستىن يورەك پارىنى.

ئانا يۇرتنىڭ ھېكمىتى نەدە،
پەزىلىتى، ھىممىتى نەدە؟
ھەر گىياسى زەررە قۇمنىڭ،
خاسىيىتى، قىممىتى نەدە؟

سوئاللاردىن ـ سوئال تۇغۇلار،
تەقەززا مەن ئاڭلاشقا جاۋاب.
ھامىلدارمۇ تەڭرىتاغ قۇمغا،
نەزەر سالار چۆللەرگە قاراپ.

ئېيتىڭلارچۇ قۇم چەشمىلىرى،
بۇ سوئالنى سوراي سىلەردىن.
ئانا يۇرتقا بولغان سۆيگۈنى،
دەپ بېقىڭلار ئالدىڭلار نەدىن؟

ئالدۇق بۇنى تۇرپان خەلقىدىن،
يالقۇنلىغان ئوتلۇق قەلبىدىن.
يەرلەر چاك ـ چاك يېرىلسىمۇ گەر،
تونۇر كەبى ئاتەش تەپتىدىن.

ئاتەش دىللار سۆيەركەن يالقۇن،
قىلچە يىمەن قىلماسكەن ئوتقا.
بەرگەچ ئۇلار سۆيگۈ ـ مېھرىنى،
ئەسىرلەردىن بۇ ئىسسىق يۇرتقا.

ئەتىۋارلاپ كەپتۇ بۇ جاينىڭ،
ھەر گىياسى زەررە قۇمىنى.
ئۇلارنى ھېچ قورقۇتالماپتۇ،
تەبىئەتنىڭ دەھشەت بورىنى.

سۆزلەپ كەلسەك رىۋايەتلەردىن،
ئۇلىنار كەن تارىخ ئۇزاققا.
ئارزۇيىمىز شۇ ئەجدادىمىزدەك،
سىڭىپ كەتسەك بىزمۇ تۇپراققا.

# يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يولى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

## مۇھەممەت پولات

ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ مىللەت ھاياتىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي كۆتۈرۈلۈش ھالىتىگە ئەگىشىپ بارلىققا كېلىپ مىللىي روھ ۋە مىللىي ئەمەلنىڭ ھەقىقىي ئۇرغۇغان دەۋرىدىلا ئۆسۈپ راۋاجلىنىدۇ.

سۇنجۇڭسەن باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى شىنجاڭدا ئالاھىدە زور تەسىر قوزغىدى. 1911 - ۋە 1912 - يىللىرى تۇرپان ۋە قۇمۇل دېھقانلىرى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى قالدۇق كۈچلىرى بىلەن ئېكسپىيەتچى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ جاھىل مۇرتىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بىلەن شىنجاڭغا ئىلغار ئىدىيە ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى. 1919 - يىلىدىكى شانلىق «4 - ماي» ھەرىكىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ فېئوداللىزم ۋە جاھانگىرلىككە قارشى ئەنئەنىۋى كۈرىشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، فېئوداللىق ئەخلاق ۋە مەدەنىيەتكە شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، يېڭىلىق ۋە ئىلغارلىق بىلەن مىللىي ئويغىنىشنى زور كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلدى. بۇ ھال شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ئىدىيە، يېڭى مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشى بىلەن ئازادلىق ۋە تەڭلىككە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنى يېڭى پەللىگە كۆتەردى. ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتى ئەنە شۇنداق ئىلغار ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا شەكىللەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئاتمىش نەچچە يىللىق تەرەققىيات تارىخىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتتى.

بىرىنچى باسقۇچ، 1920 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە بولغان 15 يىللىق ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ۋاقىت ئاساسەن ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەشكىل تېپىش باسقۇچىدۇر. بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق شەۋقى، نىمشېھىت، ئەنۋەر ناسىرى، ئايۇپ مەنسۇرى

قاتارلىق كىشىلەردىن ئىبارەت. بۇ دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى ئوي-
غىنىش ۋە مەرىپەتنى تەشۋىق قىلىش، تەڭلىك ۋە ئەركىنلىككە ئىنتىلىشتىن ئى-
بارەت بولۇپ، يۇقىرىقى شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەز-
مۇننى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كونىلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى قامچىلاپ، يېڭى
مەدەنىيەت، يېڭى ئىدىيە، يېڭى مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېڭىيىشىگە يول ئېچىپ، خەلقنىڭ
مەنىۋى ئويغىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ شائىرلاردىن ئابدۇخالىق ئويغۇر ئادەت-
تىكى مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن باشلانغۇچ دېموكراتىك پىكىرلەر دائىرىسى-
دىن بىرىنچى بولۇپ چىقىپ، تەڭلىك ۋە ئەركىنلىك ئىدىيىسىنى ئىجتىمائىي ئازادلىق
ئىدىيىسى بىلەن باغلاپ، ئىنقىلابىي كۆرەش تېمىسىنى شېئىرىيەتكە ئېلىپ كىردى.
ئۇ شىنجاڭنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى يەرلىك خاقانلىرى ياڭزېڭشىڭ ۋە جىن شۇرېنلارنى
ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىنى قىلچىمۇ مەنسىتمەي، ئۇلارنى شېئىرىي شە-
كىلدىن پايدىلىنىپ مەسخىرە قىلىپ، ۋەھىمە ئىچىدە ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

ئابدۇخالىق ئويغۇر ئۆز دەۋر تۇرمۇشىنى ئىلغار، ئىنقىلابىي دۇنياغا قاراش
ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بەدىئىي ئىستېتىك نۇقتىدىن تۇرۇپ كۆزەتتى. ئۇ ھا-
يات رېئاللىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەممە گۈزەل ۋە ئالىيجاناب نەرسىلەرنى
تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، ھەممە رەزىل ۋە خۇنۇك نەر-
سىلەرنى شەپقەتسىز پاش قىلدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە مۇقەد-
دەس نەرسە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قايناپ تۇرغان چەك-
سىز مەنىۋى كۈچ ئىدى. رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولسا
ئىنسانىي خورلاش، ئۇنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىش، ئۇنىڭ
ياشاش ھوقۇقىنى بوغۇپ، ئۇنى ئۆز ئىرادىسىنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش
ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات غايىسى بىلەن بەدىئىي ئەقىدىسىنى ئىنسان ۋە
ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى خورلايدىغان ھەممە رەزىللىكلەرنى، ئۇنىڭ ياشاش ھوقۇقى
بىلەن ھايات ئىرادىسىنى يەمىرىش يولىدىكى ھەرقانداق غالجىرلىق ۋە تەلۋىلىك-
لەرنى ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى كۈچنىڭ ئىسيان ۋە زورلۇق ئارقىلىق سۇندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي جاسارەت ئۈستىگە قۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھا-
يات ئەقىدىسىنى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈردى. ئۇنىڭ ئاجا-
يىپ شېئىرلىرى خورلانغان ۋە دەپسەندە قىلىنغان ھامايىسىز كىشىلەرنىڭ ئازاد-
لىق ۋە ئەركىنلىككە بولغان قىزغىن ئىنتىلىشىنىڭ، ئۇنىڭ ھاياتتىكى ھەممە
رەزىللىكلەرنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچى بىلەن
ئىنقىلابىي كۈرەش جاسارىتىنىڭ لىرىك ساداسى سۈپىتىدە جاراڭلاپ، ھوقۇق ۋە
ئەركىندىن ئايرىلغان مىڭلىغان ئادەملەرنى ئاياققا تۇرغۇزدى. ئۇ تۇرپان دېھقانلار

ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى ۋە تەشكىللاتچىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قوراللىق كۈرەشكە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، ئۆز سەپداشلىرى بىلەن مۈرنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولۇپ، شاڭشىسەينىڭ باندىت قوشۇنى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، ئەقىدىسىدىن قىلچە تەۋرىمەي دۈشمەننىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنى ئىلغار، ئىنقىلابىي ئىدىيىلەر بىلەن بېيىتىپ، ئۇنى دەۋرنىڭ ھەقىقىي ساداسى، مىللەتنىڭ ئەقلى ۋە روھىغا ئايلاندۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق مۇنار تىكلىدى.

ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى، 1935 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى يەنى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل يېقىمدىن تېخىمۇ يۈكسىلىش، تېما ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش دائىرىسى يېقىمدىن تېخىمۇ بېيىش ۋە كېڭىيىش دەۋرىدۇر.

30 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كوممۇنىست سەپداشلىرىنى تەشكىللەپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئىدىيىسى بىلەن كوممۇنىزم غايىسىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ئىلغار، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ چىنلىق ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇنى شىنجاڭ جەمئىيىتىدىكى رېئال ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر بىلەن خەلقنىڭ تەڭلىك ۋە ئازادلىق غايىسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈش يولىغا باشلىدى. بۇ دەۋرنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرى نىمشېھىت، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئىبراھىم تۇردى، قۇربان ئىمىن، تۇرغۇن ئالماس، ئەلقەم ئەختەم، ئۆتكۈر، بىلال ئەزىزى، نۇر بوساقوۋ، ئابلىز نازىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ شائىرلار ئۆز دەۋر رېئاللىقىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەينى يىللار شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولغان ئازادلىق ۋە تەڭلىك غايىسى بىلەن ئىنقىلابىي كۈرەش ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۈمىد ۋە جاسارەت پارلاپ تۇرغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بەردى.

پالايتلىق ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە

شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئورتاق تېمىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىن باشقا يەنە مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىپ ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە فاشىزمغا قارشى كۈرەش تېمىلىرىنىمۇ نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ مىللىي شېئىرىيىتىمىزگە بىرىنچى بولۇپ لېنىنىزم ئىدىيىسى بىلەن كوممۇنىزم غايىسىنى ئېلىپ كىرىپ، شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ جەڭگىۋار ئىنقىلابىي مەزمۇنلارغا ئىگە قىلدى. ئۇ «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشتەك ئىنقىلابىي ئىرادىسى بىلەن ھەرقانداق مۇشەققەتلەر ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەي ئىنقىلابىي كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلىسە، «خىيالچان تىلەك» ناملىق شېئىرىدا ئۆزىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا بولغان خۇشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئاخىرىدا ئۇ، ئۆز شېئىرلىرىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھايات غايىسىگە سادىق بولۇپ، ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى — «ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ كۈرەش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، دۈشمەن تۈرمىسىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.

شائىر تۇرغۇن ئالماس ئۆزىنىڭ «تەنلىرىم ياپراق» ناملىق شېئىرىدا ئەينى يىللار تۇرمۇشىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدە ئويغاتقان ئازابلىق تۇيغۇ ۋە تەسىراتىنى لېرىك يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەرد - ئەلەمدىن نەپىسى بوغۇلۇپ، يۈرىكى قىسىلغان مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئورتاق روھىي قىياپىتىنى ئوبرازلىق ئېچىپ بەردى.

ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى، 1949 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان 17 يىلنى، يەنى مەملىكەت ئازاد بولغىنىدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ۋاقىت يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان، مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئۇسۇل جەھەتلەردە ئۇزۇل - كېسىل يېڭىلىنىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىيات خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، دەۋر تۇرمۇشىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتلىك ئىنكاسىغا ئايلانغان دەۋردۇر.

1949 - يىل شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ھەل قىلغۇچ يىل بولدى. ئەسىرلەردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ كەلگەن سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم تۈۋرۈكى ئاغدۇرۇلۇپ ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلىك ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ، ئىجتىمائىي تەڭلىك ۋە مىللىي باراۋەرلىكنىڭ قۇدرەتلىك سىياسىي ئاساسى تۇرغۇزۇلدى. خەلقىمىز ھاياتىدا يۈز بەرگەن بۇ دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش

ئازاد ۋە بەختىيار ھاياتىنىڭ يېڭى زوق - شوقى ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ كۆپ ماھىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، ئۇنىڭ ئاممىۋىلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەردى. شېئىرىيىتىمىز ئۆز دەۋرى تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلقىمىز ھاياتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى مۇناسىۋەتلەرنى ئىستېتىك نۇقتىدىن تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئازاد بولغان بەختىيار ئادەمنىڭ شادلىق ھېسسىياتىنى، ئۇنىڭ ئىستىقباللىق يېڭى دۇنيا قۇرۇشتىكى غەيرەت - جاسارىتىنى كۈيلىدى. خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى مەدھىيىلىدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز خەلق تەقدىرى بىلەن چەمبەر چەس باغلانغان، ئۇنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتىدىن كۈچ ۋە ئوزۇق ئالىدىغان، ئۆزىنىڭ يېڭى مەزمۇن، ئىجادىي سەنئىتى بىلەن خەلقىنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرىدىغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بولۇپ قالدى، شائىرلىرىمىزدىن نىم شېھىت، ئىبراھىم تۇردى، تۇرغۇن ئالماس، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، غېنىزات غەيۇرانى، مۇھەممەت رەھىم، رەھىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇسالام توختىلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ تەرەققىيات دەۋرىنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىللىرىدۇر. شائىر نىم شېھىتنىڭ خەلقىمىزنىڭ بەختىيار يېڭى ھاياتى كۈيلەنگەن «ئالدىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بىلەن تولۇپ تاشقان «سېغىندىم» ناملىق شېئىرى، شائىر ئىبراھىم تۇردىنىڭ يېڭى دەۋردىن يېڭى ھاياتىي ئىستىقبالىنى تاپقان بەختىيار ئۇيغۇر ئايالىنىڭ مۇرەككەپ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن «خۇماخان» ناملىق يىرىك داستانى، شائىر ئەلقەم ئەختەمنىڭ ئازاد بولغان بەختىيار خەلقنىڭ شادلىق ھېسسىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئاتقاندا تاڭ» ناملىق شېئىرى، شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئىپتىخارلىق ھېسسىغا تولغان يېڭى دەۋر كىشىسىنىڭ روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» ناملىق داستانى بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىمىزدىكى قۇرۇق گەپ مەستانىلىرىنىڭ ساتىرىك ئوبرازى يارىتىلغان «ۋالاقتەككۇرۇپنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ساتىرىسى، شائىر رەھىم قاسىمنىڭ يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ يىرىك ئوبرازى يارىتىلغان «چولپان» ناملىق داستانى، شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ دەۋرگە بولغان قايناق مۇھەببەت بىلەن تولغان «سالام تارىمدىن» ناملىق شېئىرى بىلەن دېھقان ئەمگەكچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەسۋىرلەنگەن «نان» ناملىق شېئىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ

خەلقىمىزنىڭ ناخشا ۋە شېئىر بىلەن بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن جەڭگىۋار تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ لىرىك مەنزىرىسى سىزىپ بېرىلگەن «ئۇيغۇر ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەنە شۇ تەرەققىيات دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەمۇنىلىرىدۇر. بۇ ئەسەرلەر مەزمۇنىنىڭ يېڭى ۋە ئىجادىيلىقى، بەدىئىي شەكىل ۋە بەدىئىي ئىپادە قىلىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ - خىللىقى، ھېسسىيات ۋە لىرىك يالقۇنىنىڭ كۈچلۈك ۋە قايناقلىقى بىلەن شۇ ئاپتورلار ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭمۇ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن شائىرلاردىن تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىقلارنىڭ بۇ يىللاردا كىتابخانلارغا بەرگەن بەدىئىي ھېۋىسى ئالاھىدە مول، شېئىرىيىتىمىزنىڭ مەزمۇن ۋە بەدىئىي تەرەپتىن تېخىمۇ يۈكسىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىگە قوشقان ئىجادىي تۆھپىسى گەۋدىلىك ۋە كۆرۈنەرلىك بولدى. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ئوخشاش نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرىي قىممەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا سېزىپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرىيىتىمىزنى يېڭى بىر مەزمۇن كەڭلىكى دائىرىسىگە باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ۋاپا، ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە خەلقلەر دوستلۇقى تېمىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ يېڭى ئىجادىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بەدىئىي ساتىرا تۈرىدە كۆرۈنەرلىك يېڭىلىنىش بارلىققا كەلدى. شائىر رەھىم قاسىم ئۆزىنىڭ چىن ۋە قايناق شېئىرىي ھېسسىيات، جەددىي ۋە كەسكىن خاراكتېرلار توقۇنۇشى بىلەن جانلىنىپ تۇرىدىغان «چولپان» داستانى بىلەن يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ، داستانچىلىقىمىزنى يېڭىچە بىر خىل ئىجادىي - بەدىئىي سەۋىيىگە كۆتەردى. شائىر مۇھەممەتجان سادىق چاچما شېئىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەنئەنىۋى مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئىجادىي ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئەركىن تۈزۈلۈش، ئىنچىكە ھېسسىيات ۋە مۇزىكىلىق ئېنىقلىققا ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر خىل چاچما شېئىر فورمىسى ئۈستىدە ئىزلىنىپ، شېئىرىيىتىمىزنى شەكىل تەرەپتىن تېخىمۇ بېيىتتى.

ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتىن كېيىن، ئېلىمىز بويىچە كوممۇنالىشىش ۋە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى باشلاندى. سولچىللىق ۋە ئومۇمىنىڭ قىلمىۋېتىش شامىلى مەملىكەتنى قاپلاپ رېئاللىق ئورنىغا ھېسسىيات، ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئورنىغا بىر دەملىك سىياسىي قىزغىنلىق دەسسىتىلدى. ئېلىمىزنىڭ

سىياسىي تۇرمۇشىدا پەيدا بولغان بۇ خىل نورماللىسىزلىق يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ - ياشنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. شېئىرىيىتىمىز بىر مەزگىل تۇرمۇش ۋە رېئاللىقتىن ئايرىلىپ، سىياسىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي تەشۋىقات تەلىپىنى ئاساس قىلىدىغان، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان خىيالىي ۋەقەلەرنى ئويلاپ چىقىرىدىغان ئىدىيىلىزملىق ئىجادىيەت يولىغا كىرىپ قالدى. كېيىنچە پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنى يېڭىدىن تەكشۈرۈشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەرىيىۋى تەرەپتىن ئەتراپلىق شەرھلەپ بېرىشى بىلەن، بۇ خىل ناتوغرا كەيپىيات تۈزىتىلىپ شېئىرىيىتىمىز قايتىدىن ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز قايتىدىن خەلق ئىچىگە، ئۇنىڭ قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئىچىگە قايتتى. شۇنىڭ بىلەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلاندى. شائىرلىرىمىزدىن نىم شېھىت، تۇرغۇن ئالماس، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھىم قاسىم، مۇھەممەتجان سادىقلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى بۇ يىللاردا ھەقىقىي بالاغەتكە يېتىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالدى. 50 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شېئىرىيەت ئىجادىيىتى سېپىگە كىرىپ كەلگەن مەمتىلى زۇنۇن، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، تۇرغان شاۋۇدۇن، بوغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات قاتارلىق ئاپتورلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان بىرمۇنچە ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتتى. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «يۇيخۇاتەيگە زىيارەت»، «ئۈستەڭدىن خەت»، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى» ناملىق شېئىرلىرى، شائىر ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» ناملىق باللادىسى، شائىر رەھىم قاسىمنىڭ «ياشىسۇن قىزىل گۈل ئىشچاننىڭ قولى» ناملىق سىكىلى، ياش شائىر مەمتىلى زۇنۇننىڭ «ئېيتقىنا قەشقەر» ناملىق شېئىرى، ياش شائىر تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ «ئوت ھارۋىسى» ناملىق شېئىرى، ياش شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» ناملىق باللادىسى، ياش شائىر قۇربان باراتنىڭ «قىزىل گۈل» ناملىق داستانى قاتارلىق ئەسەرلەر شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاشۇ يىللاردا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ ياخشى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ شېئىرلار دەۋر روھىنى، زامانىسى كىشىلىرىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ ھاياتنى قايتا قۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەينى يىللار رېئاللىقىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ھالدا چوڭقۇر ئېچىپ بەردى.

يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىز تەرەققىيات تارىخىنىڭ تۆتىنچى باسقۇچى،
1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان ئون يىللىق مەدەنىيەت ئىنقىلابى
دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋر ئىچكى قالايمىقانچىلىق دەۋرى، ھەممىنى بۇزۇش،
ھەممىنى يوق قىلىش دەۋرى بولۇپ، غالجىرانە سىياسىي ئەسەبىيلىك بۇ دەۋرنىڭ
تۈپ روھىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ دەۋردە شېئىرىيەت خەلق
ۋە ئۇنىڭ ئالىيجاناب تۇيغۇلىرىنى ئەسەبىيلەرچە قارىلاي-
دىغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىنى تەلۋىلەر-
چە مەدھىيىلەيدىغان رىتىمسىز كانايغا ئايلاندى. شۇڭا ئۇ يىللاردا يارىتىلغان
شېئىرلارنىڭ بىرەرسىمۇ تارىخ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تار-
مار قىلىنىشى بىلەنلا، شۇنچە جاراڭلىق تۈۋلانغان بۇ خۇنۇك مۇقاملار گويا بو-
رانغا يولۇققان قامغاقتەك بىردەمدىلا توزۇپ تۈگىدى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ
ئېيتىشقا بولىدۇكى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى شېئىرىيىتىمىز
ئۆزىنىڭ مەيدانسىزلىقى، غايىسىزلىقى، ئەقىدىسىزلىقى ۋە تەمسىزلىكى بىلەن
شېئىرىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ خۇنۇك ۋە ئەڭ ئۇياتلىق بىر سەھىپىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ يېڭى
سەنئەت باھارى باشلاندى. بىزنىڭ شائىرلىرىمىز يېڭىدىن قەد كۆتۈرۈپ، ئىدى-
يىنى ئازاد قىلىپ، تېمىدا چەكلەنگەن رايونلارغا دادىل بۆسۈپ كىرىپ، ئىدىيە
ۋە بەدىئىيلىكتە مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە بولغان بىر مۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەر-
لەرنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات دەۋرىمىزنىڭ جەڭگىۋار شېئىرىيىتىنى
ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىز ئۆز تەرەققىيات
تارىخىنىڭ بەشىنچى دەۋرىگە، يەنى ئۆز تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق باسقۇچىغا قە-
دەم قويدى.

بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز خەلقىمىزنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىقى
دەۋرىدىكى ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، چېكىدىن
ئاشقان سول لۇشيەن ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلدى. يېڭىدىن ھا-
يات يولىغا ئېرىشكەن، ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى قايتا تاپقان مىليونلىغان
كىشىلەرنىڭ شانلىق ھېسسىياتىنى، ئۇلارنىڭ دەۋر ۋە كەلگۈسىگە بولغان قايناق
مۇھەببىتىنى كۈيلىدى. ئومۇمەن، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز دەۋر ھاياتىنىڭ ھەممە
ساھەسىگە كىرىپ، زامانىمىز كىشىلىرى تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ تېپىك، ئەڭ ئەھمىيەت-
لىك كۆرۈنۈشلىرىنى، ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇرەككەپ
ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، دەۋر قىياپىتىنىڭ ئۆزىگە خاس لېرىك مەنزىرىسىنى
سىزىپ بەردى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ چىنلىق، گۈزەللىك ۋە جەڭگىۋارلىق

ئەنئەنىسى قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىيات دەۋرى-
دە ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئىمىن تۇرسۇن، جاپپار ئەھەت، رەھىم قاسىم،
مۇھەممەتجان سادىق، مەمتىلى زۇنۇن، ماۋۇت زايىت، ھاجى ئەھمەت، مىرزا-
يىت كېرىمى، ئابلىز ھوشۇر، روزى سايىت، مۇھەممەتجان راشىدىن، تۇرسۇنئاي
ھوسەيىن، ئابدۇللا سولايمان قاتارلىق شائىرلار مول ئىجادىي مېۋە بەردى. ئۇ-
لار ئۆز ئەسەرلىرىدە تارىخ ۋە رېئاللىققا ئوخشاش نەزەر ئاغدۇرۇپ، شېئىرلىرىنىڭ
تېماتىك مەزمۇنىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ ۋە كېڭەيتىپ، كىتابخانلارنىڭ مەنىۋى
تەربىيىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ
ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ يىللار ئىچىدە يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنىڭ
بوغدا ئابدۇللا، قۇربان بارات، ئوسمانجان ساۋۇت، ئارسلان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم،
ئابلىكىم خېۋىر، تاھىر تالىپ، قاسىم سىدىق، ئابلەت ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، مۇختەر
مەخسۇت، ياسىن زىلال، مۇھەممەت خېۋىر قاتارلىق ئاپتورلاردىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە
بەدىئىي دىت ۋە ئۆزگىچە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد ئۆسۈپ
يېتىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە خېلى ئۇزۇن تا-
رىخقا ئىگە بولغان، كىتابخانلارغا ئوبدان تونۇلغان تالانتلىق شائىرلار، يەنە
بىر قىسمى 70 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ قولىغا قەلەم ئالغان
ياش شائىرلار بولۇپ، ئۇلار زورۇر ئىلمىي ۋە بەدىئىي تەربىيىلىنىشتىن ئۆتكەن،
تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتىنى ئىلمىي تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان،
مۇئەييەن ئىجادىي ئاڭلىقلىققا ئىگە بولغان، بەدىئىي تەپەككۇردا بارغانسېرى
كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئىستىقباللىق يېڭى
كۈچلەردۇر. ئۇلارنىڭ پىكرى چوڭقۇر، ھېسسىياتى قايناق، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىققا
ئىنتىلىشى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلار ھەر بىر شېئىرىدا بىر يېڭى ھاياتىي ھېكمەتنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ پىكرىنى تەكرارلىمايدۇ، ھېچكىمنىڭ كەي-
نىدىن ئەگەشمەيدۇ. ھەر قانداق ۋاقىتتا ئۆز گېپىنى قىلىپ، ئۆز ناخشىسىنى
ئېيتىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى ئىستېتىك نۇقتى-
دىن، گۈزەللىك نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ھەممە نەرسىنى ئوبراز ئارقىلىق سۆزلەپ،
ئوبراز ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە غورۇر ۋە ئىپتىخارلىق
تۇيغۇسى، ئىشەنچ ۋە ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى، دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان
ئۇلۇغۋار ئىنساننىڭ ھاياتنى يېڭىلاش ۋە ئۇنى قايتا قۇرۇش ئىرادىسى ئەكس
ئېتىدۇ. كونا دۇنيا، كونا ئەخلاق، كونا مۇناسىۋەتلەرگە قارشى ئىسيان ۋە غە-
زەپ ئوتى لاۋۇلدايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ قايناق ھېسسىيات، قۇدرەتلىك تەسەۋۋۇ-

 رىدىن تۇغۇلغان ئاجايىپ شېئىرلىرى سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزگە يېڭى روھ، يېڭى مەزمۇن بېغىشلىدى. ئۇنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك لىرىك سەنئەت زېمىنىغا باشلاپ، كىتابخانلار كۆز ئالدىدا يېڭى بىر مەنىۋى ئالەم ئاچتى.

شائىر بوغدا ئابدۇللا، داستانى «مەلىكە ئامانىنىسا» دا تارىخىي تېمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئۈمىد ۋە غايىسىنىڭ سېھرىي ساداسى، مۇرەككەپ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك خاتىرىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى ئۆزىنىڭ بەخت ۋە خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان ئالىيجاناب مەلىكىنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بەردى. شائىر داستانىدا ئۆزىنىڭ تارىخىي چىنلىق تۇيغۇسىنى بۈگۈنكى رېئاللىقتىن كەلگەن قايناق ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئانا سەنئەتنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇنى ياراتقۇچى ئىجادكار ئەۋلادنى ئۇلۇغلاپ، دەۋرىمىز كىتابخانىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىشتىكى ئىنقىلابىي جاسارىتىگە ئىلھام بەردى.

شائىر قۇربان بارات ئۆزىنىڭ لىرىكىسىنىڭ قايناقلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە» ناملىق سىكلىدا خەلقىمىز قەلبىگە مەڭگۈ ئۆچمەس ئەلەم تامغىسىنى بېسىپ كەتكەن زۇلمەتلىك يىللارنىڭ، مىللىي روھ ۋە مىللىي ئەقىل يىمىرىلگەن ئاپەتلىك يىللارنىڭ خۇنۇك مەنزىرىسىنى سىزىپ بەردى. ھايات چىنلىقى بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ لىرىك بىرلىكى زېمىنىدا تۇغۇلغان بۇ سىكلىنىڭ ھەر بىر مىسراسىغا شائىرنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرەت، غەزەپ ۋە ئىسيان، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ كىشىگە غەزەپلىك ئادەمنىڭ ئەلەملىك كۈيىنى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى ئازابلىق تەشۋىشىنى ئەسلىتىدۇ.

شائىر ئوسمانجان ساۋۇت ئۆزىنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىدە تېماتىك مەزمۇنىنىڭ خاسلىقى يولىغا قاراپ مېڭىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانىي ئەخلاق يۈكسەكلىكى ئىدىيىسىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ يېڭى تەرەققىيات دەۋرى شېئىرىيىتىمىزدە ئۆزىگە خاس ئىز قالدۇردى. ئۇ «قۇياش قەسىدىسى»، «ۋەتىنىم سۈت بەردىڭ ھالال ۋە ئاپئاق»، «توزاڭ قەسىيدىسى»، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا يېڭى ھاياتىي ھېكمەت ۋە ئۆزگىچە ئىجادىي سەنئەت ئارقىلىق ئۆز لىرىك قەھرىمانىنىڭ باي ۋە ئالىيجاناب روھىي دۇنياسىنى، ئۇنىڭ ھايات ۋە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەت ۋە تەشنالىق ھېسسىياتى بىلەن تولغان پاك ۋە يارقىن قەلبىنى يورۇتۇپ بەردى. بۇ شېئىرلاردا ئۇنىڭ لىرىك قەھرىمانى بەزىدە ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى مېھرىبان ئانىسىغا بېرىپ

ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە كۈتمەيدىغان ۋاپادار پەرزەنت، ئۇنىڭ بەختى ۋە شەرىپى ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىشتىن يانمايدىغان جەسۇر ئوغلان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسا، بەزىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى قەدىرلەشنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھايات غايىسى قىلغان، ئۆزىنىڭ تىرىكلىك مەنىسىنى گۈزەللىكنى سۆيۈش ۋە رەزىللىكتىن نەپرەتلىنىشتە ھېس قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئادەم سۈپىتىدە قەد كۆتەردى.

شائىر ئارسلان ئۆزىنىڭ ئانا يۇرت مۇھەببىتى تېمىسىغا بېغىشلانغان «ئاتۇش سۈرەتلىرى» ناملىق سىكلىدا ئۆز يۇرتىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئەينى يىللاردىكى ئازابلىق رىئاللىقىغا باغلاپ، پارلاق كەلگۈسى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىپ، كىتابخان كۆز ئالدىدا ئۆزگىچە بىر لىرىك مەنزىرە ئاچتى. ئاپتور ئانا يۇرتى مىسالىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە رىئاللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەرتلىكى ۋە جاسارىتىدىن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق ھېس قىلسا ئەلەم ۋە ھەسرىتىدىن ئازاب ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. لىرىك قەھرىماننىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ ۋە تەسىراتلىرى سىكلىنىڭ بەدىئىي ئېقىمىدا بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىپ، يېڭى بىر شېئىرىي مەزمۇننى بارلىققا كەلتۈرۈپ، لىرىك قەھرىمان ئوبرازىغا تېخىمۇ يارقىنلىق بېغىشلايدۇ.

شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم شېئىرىي ئىجادىيىتىدە تېماتىك مەزمۇنىنىڭ جانلىق ۋە رىئاللىققا ئېرىشىش يولىدا تىرىشىپ ئىزلەندى. ئۇ مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ كىچىك ۋە ئاددىيتىنكى كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدىن ناھايىتى چوڭ شېئىرىي مەزمۇن تېپىپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي روشەنلىكتە يورۇتۇپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى يېتەرلىك خاسلىق ۋە ئورىگىناللىققا ئىگە قىلدى. ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان كونا خوتەن قەغىزىنى بۇ دەۋر كىشىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشنىڭ شاھىدى بولغان ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلىرىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىر پەقەت مۇزېي ماتېرىيالى بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق قىممىتى قالمىدى. شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىم «خوتەن قەغىزى» ناملىق شېئىرىغا ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان، تارىخ بولۇپ قالغان مۇشۇنداق بىر نەرسىنى تېما قىلىپ تاللاپ ئالدى. ئۇ ھاياتى ئاللىقاچان ئۆچۈپ تۈگىگەن قەدىمىي خوتەن قەغىزىگە يېڭى رەڭ، يېڭى ھىكمەت، يېڭىچە ھاياتىي مەنا بېرىپ، ئۇنى ئىجادىي سەنئەت كۆكىدە قايتا جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتى بىلەن يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يالدامىسىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى راۋاجلىنىشىغا قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىنىڭ يىمىرىلمەس مۇنارى دەرىجىسىگە كۆتەردى. شۇنداق

قىلىپ ئۇ كونا، ئەھمىيەتسىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەتتىكىچە تېمىنى ناھايىتى زور يېڭى ئىجادىي مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئۇرغۇتۇش مەقسىتىگە يەتتى.

شائىر ئابلىكىم خېۋىر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باللادا ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىمىزنىڭ بوش ۋە ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئەھمىيەتلىك ساھەسىنىڭ يۈكسىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان «ئاتا» باللادىسىدا پەرزەنت ئىشقىدا ئوت بولۇپ يانغان ئەمگەكچان ئاتىنىڭ، ئاددىي، لېكىن ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن، كىتابخانىنى شېرىن ئەسلىمە ۋە ئازابلىق ئويكۇنۇش قاينىمىغا تاشلايدىغان لېرىك تەپسىلاتلار زېمىنىدا ئايان بولىدىغان جانلىق بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىك بۇرچى بىلەن ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق تۇيغۇسىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەرسە، لېرىك تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدىغان «چىمەن قىرغاق» ناملىق باللادىسىدا خەلقلەر دوستلۇقى ۋە ئورتاق ئىرادە بىرلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىنسانىيەتنىڭلا ئەمەس، بەلكى كونكرېت شەخسنىڭمۇ ھاياتى، بەختى ۋە مەنىۋى كامالەت تېپىشىنىڭ مۇستەھكەم ئىجتىمائىي ئاساسى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بەردى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىزلىنىشى، ئىجادىيەت ئىستىلى، ئۆزىگە خاس رەڭ ۋە پۇراققا ئىگە بولغان يېڭى ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تۇرغۇنلۇق ۋە بىر خىللىق ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىجادىي ئۇتۇقىدۇر.

بىزنىڭ يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىز ناھايىتى ئۇزۇن، ناھايىتى مۇرەككەپ تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى سەۋىيىگە ئېرىشىپ خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي ۋە روھىنىڭ دەسلەپكى لېرىك ساداسىغا ئايلاندى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان بەدىئىي - غايىۋى يۈكسەكلىككە تېخىچە يېتەلىگىنى يوق. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇنىڭدىكى، بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تۈپ پىرىنسىپى بولغان يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىق پىرىنسىپى تېخى تولۇق ئەمەلىيلەشمىدى. قېلىپبازلىق ۋە تەقلىدچىلىككە بېرىلگەن، شوئارۋازلىق ۋە نەسىھەتگويلۇق خاھىشىدىن قۇتۇلالمىغان يارامسىز نەرسىلەر ئىلمىي ھالدا جىددىي تەنقىد قىلىنىپ، يارىتىلغان ۋە كەشىپ قىلىنغان، ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى

ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىتابخاننى ھەقىقىي زوقلاندۇرىدىغان ئىجادىي نەرسىلەر يېتەرلىك دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنىڭ بىر مۇنچە ئاپتورلىرىمىز ھايات ۋە ئادەملەرنى ئۆزلىرىنىڭ قاتمال چۈشەنچە ۋە ساددا ئەقىدىلىرى بويىچە باھالىدى. ئۇلارنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى ھامان قانداقتۇر بىر سىياسىي نۇقتىغا، ئابستراكت ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەرگە باغلاندى. شۇڭا ئۇلار ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك ھالىتى بويىچە تەسۋىر قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئەنە شۇنداق يۈزە، بەدىئىي تەسەۋۋۇرى بىلەن ئىستېتىك تەلىپى ئەنە شۇنداق ھالسىز ۋە تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۇلار رېئال ھاياتقا، كىشىلەرنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن قەلب خانىلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، شېئىرىي قىممەتكە ئىگە بولغان يېڭى، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاپالمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يازغانلىرى كۆپىنچە ھاللاردا تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ئوبيېكتىپ ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ نەزمى كۆچۈرمىسىگە، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ماھىيەتسىز كۆرۈنۈشلىرىنىڭ جانسىز سۈرىتىگە، كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان يورۇتۇپ بولۇنغان كونا شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ يېڭىچە تەكرارىغا، كىتابخانلارغا ئوبدان تونۇشلۇق بولغان ئادەتتىكى تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنىڭ زېرىكەرلىك بايانىغا ئايلىنىپ قالدى.

بىزنىڭ خەلقىمىز ھازىر يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى بىلەن ئەقلىي راۋاجلىنىشىغا توسقۇن بولىدىغان ھەممە نەرسىنى ئۆزگەرتىش، دۇنياغا ۋە رېئاللىققا يۈزلىنىپ، ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا قاراپ تىنىمسىز ئىلگىرىلەش بۇ دەۋرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى. شۇڭا بىزنىڭ ھازىرقى كىتابخانلىرىمىزنى ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ھەرقانداق تەرەققىيات دەۋرىدىكى كىتابخانلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك قەدىر - قىممىتى بىلەن ئىنسانىي بۇرچىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن، ئازاد ۋە ئەركىن پىكىرگە ئادەتلەنگەن، ھەقىقىي يېڭى، ئىجادىي سەنئەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان مەدەنىيەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلار بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىن ئۆزىدە بولمىغان يېڭى نەرسىلەرنى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھېكمەت ۋە پەلسەپىسىنى، ئۆزلىرى تېخى تولۇق ھېس قىلىپ يەتمىگەن يېڭى بەدىئىي ئالەمنىڭ لىرىك تەسۋىرىنى كۈتىدۇ. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز، ئۆز كىتابخانلىرىنىڭ بۇ تەلىپىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ باي ۋە خىلمۇ - خىللىقىغا يۈزلىنىپ، ئۆز خەلقىنىڭ روھىي ۋە ۋىجدانىنىڭ ھەقىقىي لىرىك ساداسى بولغان يېڭى ۋە ئىجادىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ياراتقاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

# «خىسلەتلىك» كۆز

(ھېكايە)

مەھەممەدىن ھەزرەت

بۈگۈنكى ئولتۇرۇش ۋالىنىڭ ئۆيىدە
بولۇۋاتاتتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئاپتونوم
رايوننىڭ مۇھىم رەھبەرلىرىدىن بىرى
خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ۋا-
لى بۇ رەھبەرنى كەچكە ئۆز ئۆيىگە
تەكلىپ قىلىپ قويغانىدى. چۈشتىن كې-
يىنلا ۋالىنىڭ ھويلىسىغا شەھەردىكى
ئەڭ ئۇستا ئاشپەزلەردىن بىر نەچچىسى
يىغىلدى. كەچكە يېقىن ئېيتىپ قويغان
مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىش-
تى. تاشقىرىقى ئۆيدە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ
بەش - ئالتە نەپەر سازەندىسى سازلىرىنى
تەڭشەپ، ئىچكىرىكى ئۆيدىن «ھە!»
دەپ بۇيرۇق چىقىشى بىلەن رەھبەرلەر-
نىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت
ماھارەتلىرىنى تەنتەنە قىلىشقا تەييارلى-
نىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە بول-
سا ۋىلايەتتىكى مۇھىم ئىدارە - جەمئىيەت-
لەرنىڭ رەھبەرلىرى ۋە يېقىن ئەتراپتى-
كى بىر نەچچە ناھىيىنىڭ باشلىقلىرى
ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق تەرتىپى بويىچە
ئولتۇرۇشقان بولۇپ، تۆردىكى ئورۇن
بوش ئىدى. ۋالىغا ئۆز كۆڭلىنى ئەڭ
يېقىن تۇتۇپ يۈرىدىغان H ناھىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن سېكرېتارى ئادىل 60 كىلومېتىر
يولنى كىچىك ماشىنا بىلەن بېسىپ
بۇ ئولتۇرۇشقا بۇرۇنلا ئولگۈرۈپ كەلگە-
نىدى. ئۇ ئاق كۆڭلەككە ئورالغان سې-
مىز قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ گاھ تالاغا،
گاھ ئۆيگە كىرىپ مېھماندارچىلىققا
خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئىشقا بۇيرۇپ
ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇق-
چە سېمىزلىكىگە قارىماي ناھايىتى چاق-
قان ۋە تېتىك ئىدى. ئاپتونوم رايوندىن
كەلگەن رەھبەر ۋالىنىڭ ھەمراھلىقىدا
ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن گۈر-
رىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، بۇلارنىڭ
ئىچىدىكى خېلى بىرقانچىلار ئۆزىنىڭ
ھوقۇقى ۋە مەرتىۋىسىگە تەھدىت ياكى
ئامەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان باشلىقلىرى
ئالدىدا ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى، چىرا-
يىغا قانداق تەبەسسۇم يۈگۈرتۈشنى كۆپ
تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر ئىدى.
ھەممەيلەن خۇشاللىق، ھاياجان ۋە
بەخت تۇيغۇسى ئىچىدە باشلىق بىلەن
كۆرۈشتى. باشلىق بولسا تۆردىن ئورۇن

ئالدى. داستىخانغا بۇ ۋىلايەت تەۋەسىدە بولىدىغان بارلىق يەل-يېمىشلەر چىقتى، نازۇ-نېمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن تارتىلدى. ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتى قىزغىن بولدى. ئىچىشىشمۇ باشلىنىپ كەتتى. ئادىل باشتىلا بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، تەرلەپ-پىشىپ ساھىپخانلىق قىلىۋاتاتتى، يېشى ئەللىكلەرگە يېقىنلاپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى مېھمانلارنى ئۆزلۈكسىز يەپ-ئىچىشكە ئۈندەپ تۇراتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ھاراق قۇيغاچ بىر تەرەپتىن تەرلەپ تۇرغان چېكە ۋە بويۇنلىرىنى سۈرتۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا باشلىق ئادىل تۇتقان رومكىغا ئۆزرە ئېيتىپ:

— ئاشقازىنىم ياخشى ئەمەس، مەن ئەمدى بولدى قىلسام، — دېدى. ئادىل باشلىققا قىلىدىغان تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تېپىپ ئاغزىنى ئېچىپ بولغىچە، دەررۇلا سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى:

— بىزنىڭ مىللىي شىپاخانىدا ناھايىتى بەلەن دورىلارنى ياسايدۇ. ھەتتا مەركەزدىكى بەزى باشلىقلارمۇ بىزدىن دورا ئالدۇرۇپ يەيدۇ. سىلىگە مەشەدە دورا ياساتايلى، — دېدى ئالدىراپ. باشلىق بولسا:

— رەھمەت، — دەپ كۈلۈپلا قويدى. ئۇنىڭ دورا ياساتمىش نىيىتى بارمۇ-يوقمۇ، بۇنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ئەمما ئادىل ئۆزى جاۋاب بېرىشكە تېگىشـ

لىك گەپكە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالدىپەشلىك قىلىپ گەپ ئارىلىغانلىقىغا ئۇنىڭ تازا خۇيى تۇتتى، قىزغاندى. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردە ئەدەبىنى ساقلىماي بولمايتتى، ئادىل چاندۇرماي خۇشخۇي ھالدا رومكىلارنى ماكىدۇرۇۋەردى، شۇ ئارىدا داستىخانغا تونۇر كاۋىپى كەلتۈرۈلدى، باشلىق كاۋاپ يەپ ئولتۇرۇپ:

— كاۋاپ تولىمۇ مېزىلىك پىشۇرۇلۇپتۇ، — دېدى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن ۋالىغا قاراپ. باشلىقنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىغان ئادىل «يالت» قىلىپ ۋالىغا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپتىخارلىق تەبەسسۇمى پارلىغان ئىدى. ۋالى بولسا باشلىققا:

— تەييارلىغان غىزالىرىمىز ئىشتىھالىرىنى تارتقان بولسا بىز مىننەتدارمىز، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن. ئادىل ۋالىنى «بۇ ئۆزلىرىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن مانا مۇشۇ ئافۇشۇجى تەييارلىغان كاۋاپ» دەيدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ۋالى ئادىلنىڭ ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلىرىگىمۇ دىققەت قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ۋالىدىن رەنجىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان باشلىقلاردىن رەنجىيدىغان خاراكتېر يېتىلگەن ئەمەس. ئەمما ئۇ، ۋالى ئۆزىنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ؛ بولتۇر ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىدا

ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن كەلگەن ۋالى، شۇجىلار ئارىسىدا چاقچاق بولۇپ، كىمدۇ بىرسى «كىم ئەتە كەچلىك تاماقتىمىزغا تونۇر كاۋىپى ئەكەلدۈرەلەيدۇ؟ شەرتى ئىسسىق بولۇشى كېرەك» دېدى. بىر نەچچەيلەن «مەن ئەكەلدۈرەلەيمەن» دېيىشتى - يۇ، كاۋاپنىڭ قىزىق پېتى بولۇشىغا ھۆددە قىلالمىدى، بىزنىڭ ۋالىيىمىز «بولىدى، ئەتە كەچ مەن ھەممەڭلارنى قىزىق تونۇر كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلاي» دېدى، ئۇ شۇ كېچىسىلا ئۇدۇل ئادىلغا تېلېفون بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدى. ئادىل كېچىسىلا ئادەم بۇيرۇپ سېمىزلىكى ئوتتۇراھال قويدىن ئىككىنى تاپتۇردى. ئايروپىلان بېلەتىمۇ ئادەم ماڭغۇزۇۋەتتى، ئەتىسى ئادىل ئىككى قوي بىلەن بىر كاۋاپچى ئۇستىنى ماشىنىغا سېلىپ، ئايرودرومنىڭ يېنىدىكى بىر مەھەللىگە كەلدى. ئۇ، ئوبدان تونۇردىن ئىككىنى تېپىپ ئۆزى ئۇستىدە تۇرۇپ كاۋاپنى پىشۇرغۇزدى، ئايروپىلان بېلىتىمۇ كاۋاپ بار يەرگە ئېلىپ كېلىندى. ئايروپىلان ئۇچۇشقا 15 مىنۇت قالغاندا كاۋاپ تونۇردىن ئېلىندى - دە، ئالدى بىلەن داستىخانغا، ئاندىن قات - قات سۇلياۋلارغا ئورىلىپ تاغارغا سېلىندى، 10 مىنۇت ئىچىدە كىچىك ماشىنا ئايروپىلاننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. كاۋاپ پىشۇرغان ئۇستا ئايروپىلان بېلىتى بىلەن ئايروپىلانغا چۈشتى، كاۋاپمۇ ئايروپىلانغا سېلىندى. ئۈرۈمچىگە مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يىراق بولغان بۇ شەھەردە پىشۇرۇلغان كاۋاپ تېخى سۇۋۇماي تۇرۇپلا ئۈرۈمچىدىكى ۋەدىلەشكەن باشلىقلارنىڭ ئاغزىغا تەگدى. ۋالى يىغىندىن قايتىپ كەلگەندە ئادىلغا:

— ئەگەر كاۋاپ ۋاقتىدا يېتىپ بارمىغان بولسا باشقىلار ئالدىدا يۈزۈم چۈشەتتى، تازا ئوبدان ئەسقاتتىڭىز، — دېدى مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ. كېيىن ۋالى بىر نەچچە سورۇندا «ئادىل قولىدىن ئىش كېلىدىغان كادىر» دەپ ماختاپ قويدى، ۋالىنىڭ ماختاشلىرى كىشىلەر ئارىسىدا خېلى ئۈنۈم بەردى، «ئاشۇ ۋىلايەتكە ئۆسىدىكەن» دېگەن مىش - مىش گەپلەرمۇ بولدى. يىراقنى مەنپەئەتنى كۆزلىگەن بەزى «ئەقىللىق» ئادەملەر ئادىلنىڭ ئۆيىگە خېلى سالپاسى بار سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ كېلىشكىمۇ ئۈلگۈردى. شۇڭا ئادىل «ۋالى ھازىر مېنى ماختىمىغان بىلەن كۆڭلىدە بىلسە بولىدى» دەپ، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى.

ئۇلتۇرۇشنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولدى. بىر پەدە ساز چېلىنغاندىن كېيىن سۆھبەت باشلاندى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باشلىق ئۆزىنىڭ يېقىندا ياپونىيىگە چىقىپ كەلگەنلىكىنى، ياپونىيىدىكى تەرەققىياتلارنى، ياپونىيە بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق-

لەرنى سۆزلەپ بەردى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، ئۇ يەنە، بۇ ۋىلايەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن نېمە-نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ سۆھبەت تەرىقىسىدە ئېيتىپ ئۆتتى، ئاندىن:

— ھەممىدىن يۇقىرى-تۆۋەن رەھبەرلەرنىڭ خىزمەتتە ماسلىشىشى مۇھىم، ئىتتىپاق بولۇڭلار! — دېدى. بۈگۈنكى خۇشاللىقتا ھاراقنى كۆپ ئىچىپ كەيپى ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان ئادىل دەرھال پاراڭغا قوشۇق سالدى:

— بىز ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ ئىشلەيمىز، — دېدى ئۇ لەۋلىرىنى يالاپ مۇلايىم ئاۋازدا، — مەسىلەن، ئۈچ ئاي ئىلگىرى، ۋالى بىر ئادىمىنىڭ نوپۇسىنى شاڭخەيدىن نوپۇسقا ئالدۇرۇپ، تەبىئىي كېمەيگەن ئىشتاتتىن بىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەپ، ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا تەستىق سېلىپ، ماڭا ئەۋەتكەن ئىكەن. ناھىيىلىك پارتكومدىكى بەزى رەھبەرلەر «ۋالىنىڭ كېلىنىنىڭ سىڭلىسىنى دەپ قانۇن-تۈزۈمنى كۆزگە ئىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپ» دەپ پۈتۈنلەي قىلىشمىۋباقتى. ۋالىنىڭ يۈز-ئابرويىنى بىز قىلماسلىق كىم قىلىدۇ دەيلا، قارشىلىقلارغا، پەتنە-پاساتلارغا پەسەنت قىلماي، ئۇ ئايالنى ھەپتە ئىچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم..........................

ۋالىنىڭ كاتىپى سەگەكلىك بىلەن «ئە-ھە!» دەپ قاتتىق بىر يۆتىلىپ قويدى، ئادىل ۋالىغا بۇرۇلدى-دە، ۋالىنىڭ غەزەپ بىلەن ئالايغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ زۇۋانى تۇتۇلدى، ۋالى باشلىققا گەپنى باشقا تەرەپتىن باشلاپ، سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى ئەپچىللىك بىلەن يۆتكەپ كەتتى. ئەمما باشلىقنىڭ كەيپىياتى بىر ئاز يامانلاشقانىدى. دېمەك، ئولتۇرۇشنىڭ قىزغىن كەيپىياتىمۇ بۇزۇلدى. ئادىلنىڭ قوللىرى تىترەيتتى. ئۇنى قارا تەر بېسىشقا باشلىدى. ئولتۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. باشلىق مېھمانخانىغا كەتتى. ئادىل قايتىدىغان چاغدا ئادەملەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ۋالىغا قول ئۇزاتتى، ئۇ ۋالى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشماقچى ئىدى. ۋالى ئادىلغا قول بەرمىدى، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمىدى. ئادىل كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆز ناھىيىسىگە قايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەك غەش ئىدى. ئۇ ۋالىنىڭ ئالايتقان كۆزلىرىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە يۈرىكى بىر جىغىلدايتتى. ئۇ ئۆمرىدە ۋالىنىڭ بۇنداق غەزەپ بىلەن ئالايتقان كۆزلىرىنى كۆرگەن ئەمەس. ئۇنىڭ نى-نى ئارزۇلىرى بار ئىدى. ھەممىسى ۋالى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشاتتى. ئادىل قايسى بىر يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئۈچ ئايلىق بىر كۇرستا ئوقۇغانىدى. يېقىنقى يىللاردا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن

كەسىپ ئەھلىلىرىنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا قويۇش توغرىسىدىكى گەپلەر چىقىشقا باشلىغاندا، ئادىل ئۇزۇن يوللارنى مېڭىپ ئالىي مەكتەپنىڭ دىپلومىنىمۇ ئېلىۋالغانىدى. ئەمدى ۋالى بىرلا كۈچىسە ۋىلايەتتە مۇھىم خوقۇق قولغا كېلىشىدە گەپ يوق ئىدى. ئۇ، ھەتتا يۇقىرىغا ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ خاتا يېزىلىپ قالغانلىقى توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىپ، بىرىنچى شۇجىنىڭ تەستىقى بىلەن يېشىنى 48 ياشتىن 45 ياشقا چۈشۈرۈپ بولغان، ئۇنىڭ ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن چەككەن جاپالىرى، تۆلىگەن ئىقتىسادىي بەدەللىرى ئازمۇ؟ ۋالىنىڭ بىر كۆز ئالايتىشى ھەممىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى. ئادىل ئويلىغانسېرى دىمى سىقىلىپ، بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۆيگە كىرگەندە ئايالى ئالدىراپ ئالدىغا چىقتى. ئادىل ئايالىغىمۇ گەپ قىلماي-لا كىرىپ تەييار سېلىنغان ئورۇنغا كىرىپ ياتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ۋالىنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايى كەتمىدى. ئۇ ئىمكان بار بۇرۇنراق ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتتى، ئۇ ئۆزىنى گويا چوش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئۇنىڭ خىياللىرى گادىرماچ ئىدى، ئۇنىڭ ئۆڭى بىلەن چوشى ئارىلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىغا «ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ H ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئادىل ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، خىزمەت كۈتۈپ تۇرسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى ھۆججەتنى تۇتقۇزۇلدى، بۇ ھۆججەتنى كۆرگەن ئادىلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى، نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، ئۇ بارا-بارا ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالدى. بىر پەستىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدى يورۇشقا باشلىدى، ئۇ قانداقتۇر ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر زىياپەت زالىغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن كەلگەن شۇجىنىڭ شەرىپىگە قارشى ئېلىش زىياپىتى بېرىلىۋېتىپتۇ. نۇرغۇن تونۇش چىرايلار، تونۇش كۆزلەر... ھەممىسىدە شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئۇستەل - ئۇستەللەردە رومكا سوقۇشتۇرۇلۇۋاتاتتى. تېخى تونۇگۈنلا «بىز ھاياتىمۇ، ماماتىمۇ سىز بىلەن بىللە بولىمىز» دەپ رومكا كۆتۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچىلىرى ئۇنى كۆرمەسكە سالدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. يەنە بىرنەچچەيلەن تەكەللۇپ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويۇش ئۈچۈن ئۇستەللەرگە تەكلىپ قىلىشتى. ئادىلغا بۇ ئادەملەرنىڭ يۈزسىزلىكلىرى ئېغىر كەلدى، ئۇ بۇ ۋىجدانسىز ئادەملەرگە كۆڭلىدە مىڭ لەنەتلەرنى ئوقۇپ، زىياپەت زالىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ جەمئىيەتتىن مېھرى قايتتى، ھەممە نەرسە نەپرەتلىك بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن كىچىك ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— دادا ئۆيدىكى تېلېفوننى ئىككى ئادەم كېلىپ ئېلىپ كەتتى، — دېدى.

ئادىل تېلېفون قويۇلغان ئۈستەلگە قارىدى. تېلېفون يوق ئىدى. تېلېفون سىمىلا قاپتۇ. ئۇ سافاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى قېيىشقا باشلىدى. ئۇ سافاغا يۆلىنىۋالدى. شۇ پەيتتە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق. بىر چاغدا ئايالى سىرتتىن كىرىپ كەلدى-دە، ھۆكۈرەپ يىغلىغان پېتى ئادىلنىڭ ئۇدۇلىدىكى سافاغا ئۆزىنى ئاتتى. ئادىلنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى:

— ئەمدى ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئايالىغا. ئۇنىڭ ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۈگۈنكى تويدا مېنىڭ ئورنۇم پەگاھتا چۈشۈپ قالدىغۇ، يەنە تېخى بەزى كۆرەلمەس ئاياللار ماڭا تەنە قىلىشىپ: «ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ. بەزىلەر شەھەرگە پاتماي قېلىۋىدى، مانا ئەمدى ئورنى پەگاھتا بولۇپ قالدى» دېيىشىپ شاخخو قىلىشتى. مەن ئەمدى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ قانداق يۈرىمەن؟ تېخى شوپۇرمۇ يۈزسىز بولۇپ كېتىپتۇ. «تويغا ماشىنىدا ئاپىرىپ قويۇڭ» دېسەم، «ماشىنىنىڭ مېيى يوق» دەپ تەتۈر قاراپ تۇردۇ... — دېدى. كۆپ يىغلاپ ئۇنىڭ سۈزمە قاپاقلىرى لەشتەك ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇ ئارىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ گۇۋەنلىيۇەنى كىرىپ كەلدى-دە:

— بۇ ئۆيگە يېڭىدىن كەلگەن شۇجى كۆچۈپ كىرمەكچى ئىكەن، سىلەرگە باشقا ئۆينى تەييارلاپ قويدۇق. باشلىقلار بۇ قارارنى سىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتقانىدى، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئادىلنىڭ يەنە بېشى قېيىشقا باشلىدى. ئاندىن يۈرىكى پىچاق سانجىلغاندەك چىمىلداپ ئاغرىپ كەتتى. كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئايالىنى چاقىرماقچى بولۇۋىدى، ئاغزىغا گەپ كەلمىدى. كېيىن ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى...

ئەتىسى ئەتىگەن ئادىلنىڭ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ ئايالى بايقىدى. ئۆي ئىچىدە يىغا-زارە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بىر پەستىلا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن دوختۇرلار كېلىشتى. سافىچى ئورۇنلىرىنىڭ قانۇن دوختۇرلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار تەكشۈرۈپ «ئا شۇجى ھايات ۋاقتىدا يوشۇرۇن يۈرەك مۇسكۇللىرىنىڭ قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. قاتتىق ھاياجانلىنىش ياكى چۆچۈش نەتىجىسىدە يۈرىكى سوقۇشتىن توختىغان» دەپ خۇلاسە چىقاردى.

ئادىل ھاياتتا ھېچقانداق ۋەھىمە ھېس قىلماي، خۇشال-خۇرام ياشاپ كەلگەنىدى. ئەمما ۋالىنىڭ بىر قېتىملىق كۆز ئالايتىشى ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىپ قويدى. بۇ نېمىدېگەن خەسلەتلىك كۆز! نېمىدېگەن خەسلەتلىك ئالىيىش.

ئادىلنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ نۇرغۇن ئادەملەر كوچىدىن ئۆتۈشتى. 50 يىلدىن بېرى كىچىك دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ

(ئاخىرى 68 - بەتتە)

# 15 تۈپ دەرەخ

(ھېكايە)

ھەبىبۇللا رېقىپ

بۇ 15 تۈپ دەرەخ، 15 قەيسەر يىگىتنىڭ خاتىرە مۇنارى.

ئەسلىدە بۇ جاي دەرەخسىز سايلىق ئىدى. 40 يىلدىن بۇيان بۇ دەرەخلەر كىچىك نوتىلاردىن كۆچەتكە، كۆچەتتىن باراقسان يوغان دەرەخكە ئايلىنىپ كىچىكرەك بىر پارچە ئورمانلىقنى بەرپا قىلىپتۇ.

× ×

1947-يىل 18-سېنتەبىر، تاڭ سەھەر.

ناھىيە بازىرىنى ئوراپ تۇرغان سېپىلغا بىرمۇنچە چېرىكلەر چىقىۋالغانىدى. ئەسلىدە شەھەرنىڭ تۆت قوۋۇقىدا ئىككىدىن سەككىز چېرىك قاراۋۇللۇق قىلاتتى. بۈگۈن بولسا ھەر بىر قوۋۇقنىڭ ئىچىدە تۆت، تېشىدا تۆتتىن سەككىز چېرىك پەيدا بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر بۇ ئۆزگىرىشتىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى سەزگەندەك ئۆيلىرىگە بېكىنىۋېلىپ، تالا-تۈزگە چىقماي ئولتۇرۇشاتتى. سەھەردىن بازارلىق سودا ئۈچۈن كەلگەن دېھقانلارمۇ بىر خىل سورلۇك كەيپىياتنى كۆرۈپ سودىلىرىنى تېز پۈتتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە كېتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

سائەت 11 ئەتراپىدا شەھەر ئىچىدىكى گازارمىغا تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشقىلى تۇردى. ئۇلار، بىردەمدىلا بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىدىكى بارلىق دۇكان، ھويلا، ساراي ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا بىردىن ئەسكەر قويۇپ، دۇكانلارنى مەجبۇرىي تاقاتتۇرۇۋەتتى. سودا-سېتىق قىلىۋاتقان دېھقانلارنى ھەيدەپ كىشىلەرنىڭ ھويلىلىرىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئىشىك-دەرۋازىلارنى يېپىپ سىرتقا چىقماسلىققا بۇيرۇدى.

ھەممە كىشى ساراسىمىگە چۈشكەنىدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غۇلغۇلا قىلىشاتتى:

— ياشلار پارتىزانلىرى① كېلىپ قالدىمۇ-يە؟

— كەلسە كەلگەندۇ.

— ياقەي، باشقا بىر ئىش بولسا كېرەك. زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ ئە-

① 1947-يىل تۇرپان رايونىدا نەچچە مىڭ ياش يىگىتلەر تاغلارغا چىقىۋېلىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا زور پەرق بولسىمۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ قەيسەرلىكىگە تايىنىپلا ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلغانىدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان ياشلار پارتىزانلىرى ئەنە شۇلارنى كۆرسىتىدۇ.

جەيمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتتىغۇ جاھان!

— ھەي... نېمىلا بولسا، ئاللا - تائالا بەندىسىنىڭ ئىشىنى ئاسان قىلىدۇ.

— ...

بىر سائەتكىچە ئەنە شۇ تەرىزدە دەككە - دۈككە ئىچىدە بىئارام بولۇپ تۇرغاندا! غەرب تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت ئېتىلغان ئېغىر پىلىموت ئاۋازى ئاڭلىنىپ بىر - ئىككى مىنۇتتىن كېيىن يەنە جىمىپ قالدى.

× ×

ھەممىلا يەردە ئەنسىزچىلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. كىشىلەر ئاغزىدا ھەر خىل گەپ.

— 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇرۇمچىدە ھۆكۈمەتكە تەلەپ قويغان ئاممىنى ئوققا تۇتۇپ بەش ئادەمنى ئېتىپ تاشلاپتۇ.

— ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ بۇجاڭغا تەلەپ قويۇپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ زوراۋانلىقىنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىپتۇ.

— مەسئۇت سابىرى ئۆلكىگە رەئىس بولغىدەك، گومىنداڭنىڭ بۇ غالچىسى رەئىس بولسا خەلققە ئازاملىق بولمايدۇ.

— ئەخمەتجان ئەپەندىم جاڭ بۇجاڭغا: 11 بىتىم بۇزۇلدى. بىز غۇلجىغا كېتىمىز، بىتىمنىڭ بۇزۇلغانلىقىغا سىلەر جاۋابكار دەپ قويۇپ غۇلجىغا كېتىپتۇدەك.

— ئابدۇشۈكۈر ئاخۇنۇمنى كېچىدە پايلاقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ.

— ئابدۇقادىر ھەمدۇللا دوختۇرنى بىرسى ساقچىغا چېقىپتىكەن، شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ ئىز - دېرىكى بولماپتۇ.

— كۆكيار، ئۆرتەڭ ئېغىزى قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ ياش توپلىنىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ كۆرگىلىكىنى كۆرسىتىپتىمىش.

— ...

× ×

ئوما مەزگىلى.

گومىنداڭنىڭ زۇلمىغا تاقەت قىلالمىغان تۇرپان، پىچان ۋە توقسۇن ياشلىرى قوزغالدى. پىلىموت، ئاپتومات، ئوۋ مىلتىقى، توزلەنگەن ئوغاق، تاياق - توقماقلار بىلەن قوراللانغان نەچچە مىڭ كىشىلىك ياش دېھقان قوشۇنى تاغدا تۈرۈۋېلىپ، گومىنداڭ چېرىكلىرى بىلەن تىركىشمەكتە ئىدى.

ئۇلار تاغقا چىقىۋالغاندىن كېيىن يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى. ئالدىنقى بەش - ئون كۈن ئىچىدە ھەركىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نان - توقاچ ۋە تالقانلىرى ھەم قېرى - چۆرىلەر يوشۇرۇنچە ھال سوراپ ئېلىپ كەلگەن ئۇن - گۆشلەر بىلەن ئوزۇقلىنىپ ئانچە قىينىلىپمۇ كەتمىدى. لېكىن، جەڭ باشلىنىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ھەممە يېزىلارنى، ئېغىز - ئۆتەڭلەرنى قامال قىلىۋالغاندىن كېيىن ئاشلىق قىيىنچىلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ قالدى.

پىچانلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك ياشلار رەھبىرى ۋە ناھىيە ھاكىمى خېلىل ئىبراھىم تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ناھى-

يىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى
ياسىن رېقىپقا دەرھال تەشۋىقات ۋەرا-
قىلىرىنى كۆپلەپ يېزىپ، دېھقانلار ئارى-
سىدا تەشۋىق قىلىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ
ئاشلىق تەمىناتىنى ھەل قىلىش ۋەزىپە-
سىنى تاپشۇردى.

بۇ ۋەراقىلەرنىڭ ئۈنۈمى زور بولدى،
قول ئىلكىدە ئانچە - مۇنچە بارلىكى كى-
شىلەر، جۈملىدىن باشقا چاغلاردا بېخىلى-
لىق قىلىدىغان چوڭ بايلارمۇ ئۆزلۈكى-
دىن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلەرنى
يەتكۈزۈپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئۇ يەر-
بۇ يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرۈپ، يەنە بى-
رەر ئايدەك كەسكىن ئېلىشتى. بىراق،
كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق تۈپەيلى-
ياشلار چېكىنىپ، غۇلجا تەرەپكە ئۆتۈپ
كەتتى. بۇ جەرياندا بىر قىسىم ياشلار
قۇربان بولدى، ئاز بىر قىسمى يارىلىنىپ،
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ
قالدى.

× ×

تۇتقۇنلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ سولاق-
خانىسىدا ئېغىر قىيناشلارغا دۇچ كەلسى-
مۇ، چىدام بىلەن بوي بەرمەيتتى.

— ئېيتە، سىلەرنىڭ باشلىقىڭلار كىم؟

— ...

— ھەمراھلىرىڭلار كىملەر؟

— ...

تاراسلاپ ئۇرۇلغان سىم قامچىلار بىر-
دەمدىلا سوراقتا تارتىلغۇچىنىي قانغا بو-
يىۋەتتى. ئۇ، جاۋاب بەرمەيتتى.

— ئېيتامسەن - يوق؟!

— ...

ياز قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك مەھ-
بۇس ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكى-
نىڭ سول تەرىپىگە قىزىتىلغان داغمال
يېقىلغانىدى. ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمى-
گەن جاللاتلار ئۆزلىرىنىڭ غالچىسى مەت-
نىياز تۆتۇرنى ئىشقا سالدى. مەتنىياز
تۆتۇر بۇ مەھبۇس بىلەن بىر ۋاقىتلار-
دا بىر مەكتەپتە ئىشلىگەن، مۇناسىۋىتى-
مۇ خېلىلا ياخشى ئىدى.

— ياسىن ئەپەندى، — دېدى مەت-
نىياز تۆتۇر، — ئىقرار قىلساڭ بول-
مامدۇ؟! ھۆكۈمەتكە قارشى ئىش قىلىپ
قويۇپسەن، كىم يوليورۇق بەرگەنىنى دەپ
بەرسەڭلا، مەن سېنى ئۆزەم تىلىۋالىمەن،
ئادەم دېگەن ئەقىلسىزلىق قىلمايدىغان،
كېيىن پۇشايمانىنى...

— تۇفى! — بىر پارچە قان ئارىلاش
تۈكۈرۈك ياسىن ئەپەندىنىڭ ئاغزىدىن
چىقىپ مەتنىياز تۆتۇرنىڭ يۈزىگە چاپ-
لاشتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا، تەييار تۇر-
غان جاللاتلار ئۇنى سىم قامچا بىلەن
ئۇرۇپ يەنە ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى...

× ×

كىشىلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىدا تۇر-
غان قوراللىق چېرىكلەر كاناي ئاۋازى
بىلەن تەڭلا تىزىلىپ گازارمىغا كىرىپ
كېتىشتى. ئەمما، ھويلىلارغا مەجبۇرىي
كىرگۈزۈۋېتىلگەن كىشىلەر مۇشۇ ئىككى

سائەت ئىچىدە ئالاقزادە بولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىم تالاغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

چوڭلارغا قارىغاندا، يەنىلا ئۇششاق بالىلار جۈرئەتلىك ئىكەن.

ئەنە، كوچىدا بىر بالا كۆرۈندى. يەنە بىرسى، يەنە بىرسى، بىردەمدىلا كوچىلار بالىلارنىڭ ئۇيان - بۇيان چېپىشلىرى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بولسا، بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ يۈرەكلىرى سۇ بولغان ھالدا ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن چاقىرىشاتتى. شۇ ئەسنادا يۇقىرىقى قوۋۇق چوڭ مەسچىت يېنىدا تۇرغان بالىلار:

— چوڭ مەسچىت ئالدىغا بىر ئېلان چاپلىنىپتۇ. ئۇنىڭدا بۈگۈن ئېتىلغان 15 ئادەمنىڭ ئىسمى بار ئىكەن، خېلىل ھاكىم، ياسىن ئەپەندىملەرمۇ شۇ 15 كىشى ئىچىدە باركەن، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە يەتكۈزدى.

ئادەملەر تۇركۈملەپ، بۇ 15 كىشى ئېتىلغان جاي مۆرەن تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا بۇ سايلىق ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى.

ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار يۇم - يۇم يىغلىشىپ ئايەت ئوقۇيتتى. ئاق چاچلىق مومايلار، ئانىلار باشلىرىغا قۇم - تۇپا چېچىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپ يىغلايتتى، ھوشىدىن كېتەتتى...

ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار، ئىش قىلىپ ھەممە، ھەممە ئادەملەر بۇ 15 جەسەتنى ئايلىنىپ توختىماي يىغلايتتى.

گومىنداڭ ساقچىلىرى ئۇلارنى تارقاپ كېتىشكە بۇيرۇپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى.

بۇ 15 جەسەتنىڭ ئىگىلىرى ئادەت بويىچە ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويدى.

× ×

15 ياش ئېتىلغان كېچىسى ئۇلارنىڭ دوستلىرى، شۇ سايلىققا 15 دۆۋە تاش توپلىغان. ئەتىسى مەتنىياز تۆتنۇر ئادەم باشلاپ كېلىپ، تاشلارنى تەرەپ - تەرەپكە چېچىۋەتكەنىدى. بۇ ئىش نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىرى بۇ يەرگە 15 تۈپ كۆچەت تىكىپ قويغان.

× ×

40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بۇ يەرگە كەلدىم. ئالدى بىلەن 15 نەپەر ياشنى ياد ئېتىپ سايلىقتا ئۇلارغا ئاتاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدىم. 40 يىل ئىلگىرى تىكىلگەن 15 تۈپ كۆچەت مانا ئەمدى يوغان دەرەخ بوپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئەتراپىمۇ زور ئورمانلىققا ئايلىنىپتۇ. ھەر يىلى 9 - ئايدا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئازادلىق يولىدا قۇربان بولغانلارنى ئەسلەپ دۇئا قىلىدىكەن.

مەن قايتىشىمدا ئاستا شىۋىرلىدىم: قېرىنداشلار، خاتىرجەم يېتىڭلار، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارغا بىز ۋارىسلىق قىلىمىز. ياتقان يېرىڭلار جەننەتتە بولسۇن!

# نام چىقىرىش

**ئىدرىس بارات**

ئۇ نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازدى. ئەۋەتمىگەن گېزىت-ژۇرنال رېداكسىيەلىرى قالمىدى. ھېچيەردىن ئۇچرى بولمىدى. ئۇ ئۆز نامىنىڭ مەتبۇئاتلاردا كۆرۈلۈشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. مەتبۇئاتلاردا نامى چىقىپ تۇرىدىغان تەلەيلىك كىشىلەرگە بەكمۇ ھەسىلىكى كېلەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر ئولتۇرۇشتا، ئۇ مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ، مەتبۇئاتتا ئەسەر ئېلان قىلىش ئۈچۈن مۇھەررىرلەردىن تونۇشلىرىنىڭ بولۇشى كېرەك دېگەن گەپلەرنى چىتىنىڭ-پېتىنىڭ ئاڭلاپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھېلىقى مۇھەررىرنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇش قارارىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق بىلەن تونۇشلۇق بەردى. ئۆز ھەۋىسىنى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئەشۇ ژۇرنالغىمۇ بىرقانچە قېتىم ماقالە ئەۋەتكەنلىكىنى، لېكىن ھېچقانداق ئۇچۇرى بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. مۇھەررىر «سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى» دېگەن جاۋابنى بەردى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، بۇ ھەۋەسكار ھېلىقى مۇھەررىرنى ئىزدەپ كەلدى. مۇھەررىر بۇ ھەۋەسكارنىڭ ئەسەرلىرىنى «سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش»قا تېخى ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ئەمما مۇھەررىرنىڭ بۇ ھەۋەسكارنى قارشى ئېلىش قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولدى، ھەتتا ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىلدى. ئۇلار ئىچىشىپ، قىزىشىپ، بەزى گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئىزا تارتمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، مۇھەررىر بىر پارچە ماقالە چىقاردى. ئۇ ماقالە مۇھەررىرنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرىدىغان ماقالە ئىدى. قارىغاندا، بۇ مۇھەررىرنىڭ ئۆز نامىنى چىقىرىش قىزغىنلىقى ھېلىقى بىچارە ھەۋەسكارنىڭ قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولسا كېرەك. بۇ ئۆز-ئۆزىنى ماختاپ يېزىلغان ماقالە ھەقىقەتەن تازا كېلىشتۈرۈپ يېزىلغانىدى. مۇھەررىر سالماقلىق بىلەن دېدى:

— سىز بۇ ماقالىنى ئۆز نامىڭىز بىلەن ×× رېداكسىيىگە ئەۋەتىسىز، ئۇلارگەپ - سۆزسىز باسىدۇ. بىزمۇ سىزنىڭ ماقالىلىرىڭىزدىن بىرنى تاللاپ ژۇرنىلىمىزغا باسىمىز. ئادەت كەلسە قوش كېتۇ، دەپ نامىڭىز ئىككى مەتبۇئاتتا بىراقلا چىقىدىغان بولدى - دە! قېنى، مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى!

ھەۋەسكار رومكىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، سەل - پەل ئويلاندى - دە، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن سوراپ قالدى:


— سىزنىڭ ماقالىڭىز مېنىڭ نامىمدا چىقسا، قەلەم ھەققىنى...

— ئۇنىڭدا چاتاق يوق، — دېدى مەرت مۇھەررىر ھەۋەسكارنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — قەلەم ھەققى ئەلۋەتتە سىزنىڭ نامىڭىزغا بارىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، ئاشۇ پۇلدىن بىرجۇزىنى كۆتۈرەئالىمىز - دە. مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى ئورتاق تەبرىكلەيمىز!

ھەۋەسكار مەتبۇئات مۇنبىرىگە قەدەم تاشلاش خۇشاللىقى بىلەن ئۇزاپ چىققاندا، مۇھەررىر مۇنۇ گەپنى ئالاھىدە جېكىلەشنى ئۇنتۇمىدى:

— ئۇنتۇماڭكى، بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى سىز، ئۇ سىزنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىڭىزنىڭ مەھسۇلى ۋە قەلەم قابىلىيىتىڭىزنىڭ نامايان قىلىنىشى، ئەمما، باشقا گەپلەرنى ئىنىسى - جىنىغا تىنمايسىز جۇمۇ. دوست بار يەردە دۈشمەن بار...

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ھەۋەسكارمۇ نامىلىق بولۇپ قالدى. ھېلىقى ژۇرنال مۇھەررىرىنىڭ شەرەپلىك نامىمۇ ئاخشام قاراڭغۇسىدا ئېتىلغان پوجاڭزىنىڭ يورۇقىدەك، ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ ئاسمىنىدا پات - پات غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى...




ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك خەت - چەكلەرنى تارقىتىش بۆلۈمىگە ئۆزى بېرىپ ئېلىپ كېلەتتى. بۈگۈن ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك ئىش بولدى. ئۇ، قولىدىكى كونۋېرتلار ئىچىدىن، پوچۇركىسى ئۆزىگە بەش قولدەك تونۇش بولۇپ كەتكەن بىر كونۋېرتنى سۇغۇرۇپ ئالدى. ئۇ، بۇ كونۋېرت ئىچىگە گويا ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغاندەك كۈچلۈك ھاياجانلانماقتا، ھاياجاندىن قوللىرى دىرىلداپ تىترىمەكتە ئىدى...

مانا، ئۇ كېنۋېرتنىڭ ئاغزىنىمۇ ئاچتى. ئىشخانىدا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقى، قانداقتۇر ئۇنىڭغا بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكى ئېلىپ كەلگەنىدى.

«دوستۇم ئىسكەندەر، ياخشىمۇ سەن؟ — دەپ ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى ئۇ خەتنى، — ئۆتكەندە بۇ يەرگە كەلگىنىڭدە تاپالىغان بويىچە بۇ ئەسەرنى تەھرىر بۆلۈمىگىلار نامىغىلا ئەۋەتتىم. ئەمدى، ئەسەرنى ساڭا بىر قۇرتونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

ئۇلار گۆشىدىن ئىككىنى، ئالمى سورتلۇق نەشپۈتتىن ئۈچ يەشىك، ھەر بىرى بەش كىلودىن كېلىدىغان بېلىقتىن بەشنى، يەنە...... — ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ كۆڭلىدە خېلى ئىشلارنى ئەپلەشتۈرىسەن-دە تاز، دەپ تىللاپ قويدى ئىچى كۆيۈپ، — بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن كېتىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئەۋەتىۋەتكەنىدىم، ئېھتىمال بۇ چاغقىچە ساڭا تېگىپمۇ بولغاندۇر.

بىز ئىلگىرى پۈتۈشكەندەك، ئەسەرلىرىمنى قوبۇل قىلساڭلا، سېنى مانا شۇنداق مول «ئەسەر»لەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىمەن...»


ئۇ، چەكسىز سۆيۈنۈش ئىلكىدە بۇ قۇرلارنى قايتا-قايتا ئوقۇدى. ئوقۇسا-ئوقۇسا ئۇ «ئەسەر»لەر ئۆزگىرىپ، يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ قالاتتى

ئۇ، بىردىن ئەقىل تاپقاندەك بولدى-دە، ھېلىقى كونۋېرتلار ئارىسىدىن ئۆزىگە قالتىس ھوزۇر بېغىشلايدىغان «ئەسەر» تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەندەك قىلىپ، جىددىيلىك ئىچىدە خۇددى ئالدىغا تاشلاپ بېرىلگەن دانلارنى تاتىلاپ يەۋاتقان مېكيانىدەك كونۋېرتلارنى ھەر تەرەپكە چېچىپ، مالتىلاشقا باشلىدى...

(بېشى 75 - بەتتە)

لۇپ قارىشى، كۆيۈمچانلىقى ئىدى. مۇھاجىر قىزشۇ تاپتا قەلبىدە دولقۇنلىنىۋاتقان ھاياجىنىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ رەھمەت ئېيتىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە نۇرغۇن ھېسىياتلىق پىكىرلەر، قىزغىن مەدھىيىلەر جەۋلان قىلدى، ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىدى: «ئاھ ۋەتىنىم! سېنىڭ قوينىڭدا نەگىلا بارسام ئۆزەمنى چىمەنزار باغچىدا ساياھەت قىلىۋاتقاندەك، ئەتراپىمدا خۇشپۇراق گۈللەر ئېچىلىۋاتقاندەك، بۇلبۇللار سايراۋاتقاندەك سەزدىم، نەگىلا بارسام ئۆز يۇرتۇم، ھېچكىم مېنى يات كۆرمىدى، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇماق قىزىنىڭ، سەن تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن پەرزەنتلىرىڭدىن ئىسسىق ھارارەت كۆردى، مېھرىبانلىق كۆردى، قىزىڭنىڭ ساڭا بولغان تەشنالىقى قانمايدۇ، — سېنى ئۇنتۇمايدۇ، دېھقان ئاكامنى ئۇنتۇمايدۇ، شەپقەتلىكلارغا رەھمەت!» بوغالتىر كۆڭلەكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ سۇندى.

— بولىدۇ، مەن كۆينەكنى قايتۇرۇۋالاي، مېنىڭ بىغەملىكىمنى كۆرمەمسىز، دېھقان ئاكامنىڭ ئىسمىنىمۇ سورىۋالماپتىمەن، مۇمكىن بولسا، ئۇنى چاقىرىپ بەرسەڭلار بىللە تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈۋالسام، — دەپ تەلەپ قىلدى قىز. ئۇنىڭ تەلىپى قاندۇرۇلدى. ئەتىسى سەھەر قۇياشنىڭ چوغدەك نۇرى كائىناتنى قاپلىغاندا ئۇ، نۇردۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابلېزىز، مېھمانخانا خادىملىرى بىلەن بىللە قايتا-قايتىلاپ خاتىرە رەسىمگە چۈشتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا مۇھاجىر قىزنىڭ كۆڭلى قەرەل تاپتى......



# ئىككى ھېكايە

ئالىم مۇقىيت

## مېھىر

— خوتۇن كىشىگە شۇنچىۋالا قىلىپ كەتكەن بارمۇ؟ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراۋەرسەڭ شىلدەڭگە مىنىدۇ، ئەھلى - ئەجدادىمىزدىن خوتۇنغا قول بولماي، خوتۇنلارنى قولەك ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرلەر - بىز! سېنىڭ ئارىمىزدىن راسا بىر بوشاڭ چىقىپ قالغىنىڭنى ... قارىغاندا، خوتۇنىڭغا تومۇرىڭنى تۇتقۇزۇپ قويغان ئوخشايسەن؛ قارىسام، تۈنۈگۈن تونۇر بېشىغا چىقىپ قاپسەن، بۈگۈن كۆكتات ئادالاپ ئولتۇرىسەن، تاڭلا بەش كۈندە خوتۇنۇڭ ئۇسسىغا بۇيرۇسا شاپاشلاپ چاپىدىغان ئوخشايسەن. بېجىرىم ئەركەك بولساڭ خوتۇنىڭنىڭ گېپىگە كىرمە! ...

ئىمىر ھەمزى دادىسىنىڭ چالۋاقاشلىرىغا ئىنىدىمىگەن بولسىمۇ ئىچىدە ئىستىھزا قىلىپ ئولتۇراتتى. دادىسى باراڭ ئاستىدىكى سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ھاسىسىنى مەيدىسىگە تىرەپ ئولتۇرۇپ، ئوغلىغا «ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق تەلىماتى»نى بېرىۋاتاتتى. دادىسى ئەدەب كەتكىلى تۇرغاندا ئىمىر ھەمزى ئارانلا:

— پەقەت يېتىشەلمىگەندە قارىشىپ قويىمەن - شۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تازا تاۋى يوق، — دېيەلىدى.

— ھىم ... ھىم ... ھى! ... — ئىمىرنىڭ دادىسى كۆلگەندە ساقاللىرى ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرغان قوللىرىنى چوتكىلاپ تۇراتتى، — خوتۇن كىشى ئاغرىۋېلىپ ئۆز ئىشىغا ئېرىنى ئۈگىتىۋالىدۇ. تولا مېھرىڭنى تۆكۈپ ئىشىنىپ كەتمە، «ئۇنىڭ تاۋى يوق»، — دېدى بوۋاي ئوغلىنىڭ سۆزىنى دوراپ، — مەن ئاتمىشتىن ئېشىپمۇ يەرنى ئويۇۋەتكۈدەك گۈسۈلدەپ ماڭىمەن، ئەمدى ئوتتۇزغا كىرگەن بىر ياش شىرنىغا چۈشكەن چىۋىندەك تولغىنىپ ياتسا، قانداق گەپ بۇ؟! باشقا كىيگەن تۇماقنىڭمۇ توپىسىنى قېقىشتۇرۇپ مويىنى تۈزەپ كىيىدۇ. خوتۇن - خەق دېگەننىمۇ «توپىسىنى قېقىپ» تۇرمىساڭ، ئۆلۈمتۈك بولۇۋالىدۇ.

— دادا! — دېدى ئىمىر ھەمزى يېلىنغان ئاۋازدا، — ياڭيۇنى كېلىنىڭىز سىزگە قورۇما شورپا قىلىپ بېرەيلى، دادام ئوپېراتسىيىدىن يېڭى چىقتى. ئۇكەم ماغدۇر، قۇۋۋەت بولىدىغان غىزا قىلىپ

بىرەيلەن دېۋىدى، شۇڭا بۇلارنى ئاقلاپ ئولتۇرىمەن.

— ھىم ··· — دېدى بوۋاي ئۇنى ئۆچۈپ، ئۇ بىر ھازا شۈكلەپ ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە سۆز ئالدى:

— سەن دېگەن ئەر كىشى، ئۆزەڭگە چۈشلۇق ئىشىڭ بار. كۆكتاتلارنى مېھرىنىسا ئۆزى ئاداللىسا بوپتىكەن ··· ئەھلىمەھەللىنىڭ سۆز - چۆچەكگە قالسا ئەركىشى ئۇچۇن سەت ئەمەسمۇ.

— دادا، سىز دوختۇرخانىغا كىرمەستە، مېھرىنىسا قاچان ماڭا ئۆي ئىشىنى قىلىشقا يول قويغان؟ ئۇ سىزگە قان بەرگەندىن كېيىن ئاجىزلاپ كەتتى.

— ماڭا؟!

— ھەئە، سىزگە، مېھرىنىسانىڭ قېنى توغرا كېلىپ قېلىپ شۇ بەردى. قانىنى مەن بېرەي دېسەم، كېلىنىڭىز ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان ئادەم ئاجىزلاپ كەتسە بولمايدۇ دەپ ئۇنىمىدى··· شۇنىدىن بۇيان ئېلىك - سېلىك يۈرىدۇ، شۇڭا ···

— مەزلۇم خەق دەرۋەقە ئاجىز كېلىدۇ، — دېدى بوۋاي ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — كۆڭلى يورۇسا جېنى يايرايدۇ. مەن ھال سوراپ چىقاي، ئاپاك رەھمەتلىك پىنىنە سالغان ئۇگرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. كېسەلگە شىپا بولىدۇ، قورداقنى قويۇپ ئۇگرە قىلىڭلار.

بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ مېھرىنىسا ياتقان ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

1984 - يىل 5 - ئاي.

## دىلدا ۋە تىلدا

زۇلپىيە ئىردىن، قاتتىق قول، كۆيۈمسىز، دەپ نارازى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئىنسان قەدرى - قىممىتى، ۋاپادارلىق، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئېتىبارى توغرىسىدا پاساھەتلىك، دىل ئېرىتىپ سۆزلەيدىغان يالقۇن ئىسىملىك بىر يىگىت ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا يۆتكىلىپ كەلدى. يېڭى كەلگەن بۇ يىگىت كىنولاردا ئەجايىپ رولدا چىقىدىغان ياش ئارتىسلارنىڭ چىرايىدەك يېقىملىق چىرايلاردىن، تەقى - تۇرقى كېلىشكەندى. يىگىت بۆلۈمدىكى قىز - چوكانلارغا بەكمۇ ئېتىبار بىلەن قارايتتى؛ ئۇلارنىڭ يېڭى مودىدا كىيىپ كەلگەن كىيىملىرىنى مۇبارەكلەيتتى، باھالايتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلىۋى گەپلىرىنى، كىيىم - كېچەك، ھەر خىل رەخت، ھەتتا پەرداز بۇيۇملىرىغىچە قىلىشقان سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن تىڭشايتتى ۋە مۇۋاپىق مەسلىھەت - تەكلىپمۇ بېرەتتى. مانا بۇ ئەجىللىقى بىلەن بۆلۈمدىكى ئاياللارنىڭ قىزىقىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يالقۇننىڭ نەزەرى، ئىشخانىدىكى ئەڭ چىرايلىق، زىلۋا، بى-

بىراق، خىيالچان، قانداقتۇ بىر ئىچكى كۈچنىڭ تەسىرىدىن تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئاچچىق ئۆكسۈپ قويىدىغان چوكان — زۇلپىيەگە ئاغدۇرۇلدى.

— توۋا! — دېدى يالقۇن بىر كۈنى زۇلپىيەنىڭ ئۈستىلى يېنىغا كېلىپ، — جەمغۇرلۇق قىزلارغا بىر خىل لاتاپەت بېغىشلايدىكەن، مىسكىنلىك كىشىنىڭ خەيرىخاھلىقىنى قوزغاپ قويىدىكەن، سىز بىلەن بىر مۇڭداشقىم كېلىپ تۇرىدۇ. خۇشخۇي تۇتۇڭا ئۆزىڭىزنى، خاپىلىق تارتقۇچىلىكى بارمۇ — بۇ جاھاننىڭ...

يالقۇننىڭ سۆزىگە جاۋابەن زۇلپىيە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. زۇلپىيەنىڭ ئىندەمەي ئولتۇرغانلىقىدىن يالقۇن نېرىقى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان چوكاننىڭ ئۈستىلى يېنىغا كەتتى. زۇلپىيە ئەسلىدە يالقۇننىڭ مۇئامىلىسىگە ئېرىنىڭ مۇئامىلىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۆز خىيالىغا بېرىلگەنىدى: يولدىشى خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، زۇلپىيە بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا چولىسى تەگمەيتتى. زۇلپىيە ئېرى بىلەن بىردەم - يېرىم دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشنى بەكمۇ خالايتتى. ئېرى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئەھۋاللىشىشنى تاما قىلاتتى. لېكىن ئېرى «ئىشخانا» قىلىۋالغان ئايرىم ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، قانداقتۇ گېئومېترىك سىزىقلار بىلەن ھەپىلىشىپ كېتەتتى. تاماق ۋاقتىدىمۇ زۇلپىيە سورىغان سوئاللارغا خۇددى ئاڭقىرالمىغاندەك تاققا-تۇققا جاۋاب بېرەتتى. زۇلپىيە بۇنداق چاغلاردا ئېرىدىكى سالقىنلىقتىن ھەرخىل گۇمانلىنىپ ئۆز قەلبىنى ئازابلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك بۇ جەھەتتىكى قىزغىنلىقتىن بۇ ئائىلە مەھرۇم بولغاچقا زۇلپىيە يالغۇزلۇق ئازابىنى چېكىشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئېرىنىڭ سايىسى ھەمراھ بولۇۋاتقاندەكلا بىلىنەتتى. بۇنداق خورلۇققا چىدىمىغان زۇلپىيە ئاخىرى ئېرىنى ئۆزىدىن تارتىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ چىرتيوژلارنى يوقىتىۋەتمەكچى بولدى ۋە دەسلەپتە ئېرىنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن چىرتيوژلارنى باشقا يەرگە تىقىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا قەغەزلەرنى كۆيدۈردى-دە، كۈلىنى ئېلىپ قويۇپ ئېرىگە كۆرسەتتى. ئايلاپ ئىجادىي ئەمگىكى، قان-تەرى سىڭگەن ھاياتىدىنمۇ قىممەتلىك بىلگەن زامانىۋى ئىنشائاتنىڭ چىرتيوژى كۆيدۈرۈلدى دەپ ئىشەنگەن زۇلپىيەنىڭ ئېرى، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ياخشى كۆرگەن، بىراق ئۇ مېھنىتىنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن سۆيۈملۈك ئايالىنى غەزەپ بىلەن بىر كاچات سالدى. ئېرىدىن ۋە ئۆز چاقچىقىدىن بۇنچە دەھشەتلىك رەھىمسىز ئاقىۋەت كۈتمىگەن زۇلپىيە قىرشلاپ ئەلەم دەستىدىن يامانلاپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. بىراق، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تەككەن ئېرىنى نومۇس كۈچىدىن قارىلاشقا پېتىنالماي ئاتا-

ئانىلىرىغا «ئېرىم ئۇزۇن مۇددەتكە كاماندىرووپكىغا كەتتى، بەك جىددىي بولغاچقا سىلەر بىلەن خوشلىشالمىدى» دەپلا سەۋەب كۆرسەتتى...

— ئۇھ! ... — دەپ ئېغىر تىنىدى زۇلپىيە خۇددى ئەلىمىنى ئاشۇ بىر تىنىقتىلا چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك. ئاياللارنىڭ تىۋىشلىرىغا دائىم ھوشيار تۇرىدىغان يالقۇن دەرھال يەنە زۇلپىيەنىڭ ئۈستىلى يېنىغا كەلدى ۋە ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئەكېلىپ زۇلپىيەگە روبىرو ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بىر خىل تەرىزدە:

— ئىسىت! خورلۇق، زۇلۇم ئىچىدە خازان بولۇۋاتقان چوكانلارغا ئېچىنىمەن. مەزلۇم خەق ئەمەسمۇ، ئاجىز دېگەن گەپتە!؟ يۈرىكىڭدىكى ئەڭ سەممىي گەپلىرىڭنى ئاڭلاشقا مۇھتاج ۋە ھەقلىق. شۇ چاغدىلا ئۇلار كۆيۈمچان ئېرىدىن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. تۈگىمەس ئۆي ئىشى، پەرزەنت چوڭ قىلىشتەك تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇلارنىڭ زىممىسىدە تۇرغاندا، زالىم ئەرنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى بىر يۈك ... ياردەملەشمىسۇن - ماقۇل، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىنى، تەلەپ - ئارزۇسىنى، ئەجىر - ئەقىدىسىنى چۈشىنىش كېرەكتە! شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەرلەرنىمۇ ئايال ئانا تۇغقان ئەمەسمۇ؟ ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپە ئاياللارغا مەنسۇپ... — مېھرىبانلىق بابىدىن ئېيتىلىۋاتقان بۇ گەپلەر زۇلپىيەنىڭ ئەرلەردىن سوۋۇغان كۆڭلىنى ئاپتاپتەك ئىللىتىمافتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ يالقۇننىڭ سۆزىنى «توغرا» دەپ تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن يالقۇنغا زۇلپىيەنىڭ قەلب ساداسى ئاشكارا بولدى ۋە كۈندە دېگۈدەك بىرەر نۆۋەت زۇلپىيەنىڭ ئۈستەلى يېنىدا ئۇنىڭ «مىسكىن» كۆڭلىنى «ئاۋۇتۇش»نى ئادەت قىلىۋالدى.

تامچىمۇ ئۈزلۈكسىز تېمىۋەرسە تاشنى تېشىدۇ. ئاخىرى يالقۇننىڭ شىرىن سۆزلىرى زۇلپىيەنى ئۆزىگە تارتماي قالمىدى، ئۇلار خىزمەتتىن بىللە قايتىدىغان، كېينو - تىياتىرلارغا بىرگە بارىدىغان، نۆۋەتتە كەلگەندە باغچىلاردا ئىستىراھەت قىلىدىغان بولدى. ئەرلىك - ئائىلىلىك زۇلپىيە بۇنداق سەيلى - ساياھەتلەردىن قورۇنسىمۇ، يالقۇننىڭ ئاياللارنىڭ تەسىرچان قەلبىنى ئويىنىتىدىغان سۆھبىتى ۋە قىزغىن مۇئامىلىسى ئۇنىڭ مەيلىنى ئىختىيارسىز مايىل قىلاتتى. يالقۇن يوق چاغلاردا بولسا، ۋىجدانىنىڭ كىچىككىنە بىر چوغى قەلبىنى كۆيدۈرۈپ، مۇرەككەپ ھېسلار قاينىمىغا كىرىپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئۇلار بازارنىڭ قايناق ئادەملەر ئېقىمى ئىچىدە كېتىۋېتىپ، كىيىم تىكىش دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يالقۇن تۇيۇقسىزلا، كىشى قورققۇدەك ئەلپازدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. زۇلپىيەمۇ چۆچۈپ كەتتى. يالقۇن ماگىزىن پەلەمپىيى يېنىدا سۆزلىشىپ تۇرغان ئەر ۋە ئايالغا چەكچىيىپ قارىغانىدى. ئەر ئايالغا بىر نېمىلەرنى دەپ قويۇپ

ماگىزىن ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئايال ماگىزىن تەرەپكە قاراپ تۇراتتى. يالقۇن غەزەپ بىلەن ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، غەزەپ بىلەن ئايالنىڭ مۈرىسىدىن قامالاپ ئۆزىگە قارىتىپ تارتتى، «ۋاي!» دەپ توۋلىۋەتتى چۆچۈپ كەتكەن ئايال.

— رەسۋا قانجۇق! كىمنى ساقلاپ تۇرىسەن؟! — دېدى يالقۇن ئەسەبىي ئەلپازدا.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويغان ئايال چۈشىنىكسىز چەكچىيىش بىلەن يالقۇنغا قاراپ تۇراتتى. يولدىكى ئۆتكۈنچىلەر بىردەمدىلا بۇلارنى ئوراپ چەمبەر ھاسىل قىلدى.

— ئېيتە! ھازىر سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ماگىزىنغا كىرىپ كەتكەن قايسى ئىمپلاس-ئۇ؟! — دېدى يالقۇن ۋارقىراپ، ئايالنى سىلكىپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زۇلپىيە دائىم كۆرۈپ يۈرگەن مېھىر ئۇچقۇنلىرى ئەمەس، بەلكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ غالجىرلاشقان ۋاقتىدىكى ياۋۇزلۇق ئوتى ياناتتى.

ئەتراپتا ئولاشقان كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەك قاراشلىرىدىن ئېسىگە كەلگەن ئايال ئېرىنىڭ تەلۋىلىكىدىن نومۇس قىلىپ شەلپەردەك قىزاردى ۋە:

— يالقۇن، نېمە بولدىڭىز!؟ نېمانچە سەتلىشىش — بۇ!؟ ئاكامنى ساقلاپ تۇرىمەن، بېيجىڭدىن قايتىپ كەپتۇ، يەڭگەمىزگە كىيىم تىكتۈرمەكچىكەن، بويى-تۇرقىمىز ئوخشاش بولغاندىكىن ماڭا ئۆلچەتمەكچى، شۇڭا ئاكام بىلەن بىللە كەلدىم، — دېدى ئۇ ئوتتۇرىدىكى چۈشەنمەسلىكنى يېشىشكە ئالدىراپ.

يالقۇن ئايالنى قامالاپ تۇرغان قولىنى قويۇۋەتتى. تۇيۇقسىز باشلانغان تىراگېكومېدىيە تېزلا ئاياغلاشتى. كىشىلەر ھەر خىل مۇھاكىمىلەر بىلەن ئۆز يولىغا تارقىدى. بۇ چاغدا ماگىزىنغا كىرىپ كەتكەن كىشى چىقتى. يالقۇن ئالدىراش بېرىپ ھېلىقى كىشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە «ئاكا!» دېگەن سۆزنى تەكرار-تەكرار دەپ، تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە بۇرۇنقى خۇشخۇيلۇق، سۆزلىرىدە قىزغىنلىق پەيدا بولدى.

زۇلپىيە نېمىشكىدۇر شۈركىنىپ كەتتى. بۇ شۈركىنىش ئەمەس، تاسادىپىي ئىخلاسى قايتقان كىشىنىڭ سەسكىنىشى ئىدى.

زۇلپىيە ئۆيگە قايتىش يولىدا ئۆز ئۆيى تەرەپكە ئىختىيارسىز كېتىپ بارغىنىنى تۇيمىدى. ئۇ، ئەتراپىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى، تەقى-تۇرقىغا نەزەر سېلىپ مىجەز-خۇلقىنى بىلگۈسى كەلدى. بىراق، ئالدىراش كېتىپ بارغانلارنىڭ نېمە ئىشى بارلىقىنى، خۇشخۇي كېتىپ بارغانلارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى، غەمكىن كىشىلەرنىڭ نېمە دەردى بارلىقىنى، كىمنىڭ ساختا، كىمنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمىدى. ئاخىرى، ھەممە چىرايىدىن جىددىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىد-

دىغان ئېرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئېرىنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك خاپىلىقتىن ئەمەس، ئۆز كەسپىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن، ئائىلىۋى مۇھىتنىڭ كۆك - مۇڭسىز، زېرىكەرلىك بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب جەمئىيەت ئىشى بىلەن ئائىلىۋى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقىدىن، ئاخىرىدا ئېرىنىڭ قەلبىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ يېتەلمەي سىرتقى مۇھىتقا ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى ئەيىبكارلارچە ھېس قىلىشقا باشلىدى ۋە يەنە ئايالىق غورۇرىدىكى قەيسەرلىكى بىلەن ئېرىنىڭ يامان تەرەپلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ باقتى، بىراق ئېرىنى ئەيىبكار قىلىدىغان چۈشەنچىلەر بىر - بىرلەپ ئۆزىنى دالدىغا ئالماقتا ئىدى...

زۇلپىيە باققال دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ نېمىشكىدۇر مېۋە - چېۋە ئالغۇسى كەلدى ۋە پوستى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان سالامەتلىككە پايدىلىق مېۋىلەردىن ياڭاق، بادام، گازىر ئېلىپ سومكىسىغا قاچىلىدى.

زۇلپىيە ئۆيگە كىرگەندە ئېرى كۆكتات ئاداللاپ ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك زۇلپىيە ئەتىگەن ئىشقا ئۆيىدىن كېتىپ قايتىپ كەلگەندەك چاندۇرماي قارشى ئالدى ۋە:

— سىز ياخشى كۆرىدىغان ياپما ئېتەيلى، دەپ تۇخۇ گۆشى ئەكىلىۋىدىم، — دېدى.

— مەنمۇ سىز ياخشى كۆرىدىغان مېۋىلەردىن ئەكەلدىم. پوستى قاتتىق، مېغىزى تاتلىق، لېكىنزە... ئازراق ئەجىر قىلىپ يەيمىز - دە، — دېدى زۇلپىيە مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە ئېرىنىڭ ئالدىدىكى پەشتامىنى يېشىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ تونۇش ھىدى نەپەسگە ئۇرۇلدى. ئۇ پەشتامىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئارتتى.

زۇلپىيەگە قەدىردان ئائىلىسىدىن، سۆيۈملۈك يولدىشىدىن، قەدىناس ئوچاق بېشىدىن ئۇنىڭ قەلبى ئېھتىياجلىق بولغان يېقىملىق ھىد كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

بېشى 55 - بەتتە

ياماقچىلىق قىلىۋاتقان بىر بوۋاي كونا كۆزەينىكى ئاستىدىن جىنازا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارغا قارىدى - دە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېتىۋاتقان بىر بالىدىن سورىدى:

— كىم ئۆلۈپتۇ، بالام؟

— ئاشۇجى، — دېدى توپ ئىچىدە كېتىۋاتقان يىگىت. ئۇ ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاي:

— ئادىل؟ — دېدى ئۆز - ئۆزىگە، — ھەي، ئۇنىڭ دادىسى كۆپ ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا بالىسىنىڭ ئىسمىنى ئادىل دەپ قويغان. ۋادىرەيخا... ئادىل ئۆمرىدە ئادىللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

بوۋاي شۇ گەپنى قىلدى - دە، گويا دۇنيادا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، تېكىستى يوق ناخشىسىنى غىڭشىپ ئولتۇرۇپ قولىدىكى كونا بەتىنكىنى ياماشقا باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئادىل ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى «خىسلەتلىك» كۆز ئىدى.

1986 - يىل 4 - نويابىر

# ۋەتەنداشلار ئارىسىدا

مۇھەممەت لىتىپ

ئاۋغۇست كېچىلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا سۈپسۈزۈك، مەيىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئاسماندىكى ھىلال ئاي جاھانغا ئاجىزغىنە نۇرىنى چېچىپ بىر تەرەپكە ئاستا - ئاستا ئۈزمەكتە. بىر قىز مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىدا ئاسمانغا قاراپ جىمجىت تۇراتتى. قىزنىڭ چىراي - شەكلى ۋە ئۇستىبېشىدىن مۇھاجىر قىزى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئاسماندىن كۆزىنى ئېلىپ ئۇيغۇر پوسۇندا سېلىنغان ئۇچ قەۋەتلىك بىناغا نەزەر ئاغدۇردى، بىنا ئۇستىدىكى نەقىش ۋە گۈمبەزلەر ئاي نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە ھەر خىل گۈللەر تەكشى بوي تارتىپ تولىمۇ چىرايلىق ئېچىلغانىدى. مۇھاجىر قىز رەڭگا - رەڭ جىلۋە قىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈللەرنى كۆرۈپ، پۇراپ تويمايتتى، گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فونتاننىڭ ئېگىز ئېتىلىپ چىققان سۇلىرى يومران گۈللەرگە سېپىلىپ ئىسسىق ھاۋانى سوۋۇتۇپ كىشىگە ئارام بېرەتتى، ئۇ فونتان سۈيىدە، يۈز - كۆزىنى يۇدى.

شەرق تەرەپتە ئېتەك يايغان ئۈزۈم بارىڭىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوتچاقناپ كەتتى، باراڭنىڭ ئاستىدىكى ساپىقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان سۈپسۈزۈك، رەڭدار ئۈزۈملەر ئېلېكتىر چىراقلىرىنىڭ نۇرىدا گويا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ، خۇش ھىدى دىماققا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى. قىزنىڭ ئۈزۈملەرگە ئىشتىياقى قوزغالغان بولسا كېرەك، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىر ساپاق قىزىل سايىۋىنى ئۈزۈپ ئاندىن ئۇنى سۇدا چايقىۋېتىپ، ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

بۇ قىز، بۈگۈن كەچتىلا بۇ شەھەرگە كەلگەن. تاماقتىن كېيىن ئۇ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ساياھەتكە كەلگەن چەتئەللىكلەر، مۇھاجىر قېرىنداشلار بىلەن بىللە ئالدىنقى ھويلىنىڭ ئۈزۈم باراڭلىقى ئاستىدا ئولتۇرۇشۇپ يەرلىك سەنئەتچىلەرنىڭ شوخ ئىلھام بەخش ئويۇنلىرىنى كۆردى. ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى... ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇخلىماقچى بولۇپ ياتىقىغا

قىلدى، يېتىپ باقتى، ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئاخىر مېھمانخانا ھويلىسىغا چىقتى... ئۇ، ئەتە چوڭ تەبىئەتكە چىقىمىز، ئادەملەر قايىنىمىغا كىرىپ سەيلە، ساياھەتنى باشلايدۇ، بۇ ساياھەت تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئەھمىيەتلىك بولۇشى تەبىئىي، شۇڭا قەلبىمدە شېرىن تۇيغۇ پەيدا قىلغان ئانا ۋەتىنى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىنى خاتىرىۋېلىشى كېرەك، شۇنداق قىلمىسا ئۇنىڭ كۆڭلى تىنمايدۇ، ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ.

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، مېھمانخانىغا قاراپ سالماق قەدەم تاشلىدى...... بۇ ئاخشىمى شەھەرگە ئانچە يېقىن بولمىغان سېيىت دېھقان مەھەللىسىدىكى نۇردۇن ئاكىنىڭ ئۆيىدە توينىڭ مەسلىھەت چېيى بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ داغدۇغىسىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. نۇردۇن ئاكا ئوغلىنىڭ مۇبارەك تويىنى كېيىنكى يەكشەنبىدە ئۆتكۈزۈشكە كېلىشتى، ئەتە ئۇ بازارغا كىرىپ رەخت سېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

نۇردۇن ئاكا 55 ياشلاردا بولۇپ ھەم ئېگىز بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن، دائىم تەبەسسۇم كەتمەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئايالىغا بالىلىرىنى ئويغىتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئېغىلغا كىردى، ئات، ئېشەكلەرگە ھەلەپ بەردى، كالا - قويلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتتى. ئېغىلدىن چىقىپ، ھەر كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئوغۇللىرىنى باشلاپ ئېتىزغا چىقتى. سوۋرۇندا بىر پەس ئىشلىۋېتىپ قايتىپ كېلىشتى، مال- لارغا ئوت ئالغىلى كەتكەنلەرمۇ پەيدا بولۇشتى، سۈتلۈك چايمۇ تەييار بولغانىدى. ھەممەيلەن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىغا كېلىپ، مەئىشەتلەر بىلەن تولغان جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىشتى.

بۇ ئۆيدە بالىلارنىڭ كىچىكى سەككىز ياشلىق بولۇپ، ئاپىسىنىڭ ھېمايىسىدە ئەركىلىگۈسى كېلىپ تۇراتتى، ئۇ شۇ تاپتا قاچىسىغا قەن - گېزەك سېلىپ بېرىلمىگىنى ئۈچۈن ناننى تەتۈر چايناپ ئولتۇراتتى. بۇنى سېزىپ ئولتۇرغان نۇردۇن ئاكا ئۇنى تېنەتتى:

—ھە، ئابلېزىز، ئاق ناننىڭ شۈپۈرى بارمىكەن. تېز بوله، تامىقىڭنى يەۋېلىپ ھەممىدە ئاناڭنىڭ ئۆيگە كىرىپ، ھەسەل قاچىسىنى ئەپچىقىپ بەرسەڭ نېمىسى كەمكەن قاراپ باق، پۇل بەرسە ئالما جۇمۇ، —دېدى ئۇ دۇئا ياندۇرۇپ داستىخاندىن تۇرۇۋېتىپ.

نۇردۇن ئاكىنىڭ تۆت ئوغۇل، ئىككى قىزى بار ئىدى، ئىككى ئوغلىنى ئۆيلىدى، ئىككى قىزىنى ياتلىق قىلدى، ھازىر كېلىن، نەۋرىلىرى بىلەن 11 جان ئىدى. مۇشۇ جاننىڭ گېلىلا نۇردۇن ئاكىنى، يەتكۈدەك تەرلەتمەيدۇ، راست، ئۇ بىر ۋاقىتلاردا بالىلىرىنىڭ قورسىقىنىمۇ توزۇك باقالماي، كۈنلىرىنى سېرىقتال ئۆتكەزگەنىدى، پەقەت يېقىنقى يىللاردىن

بۇيانلا قەددىنى كۆتەردى، ئارتۇق كې-
لەۋاتقان بالىلىرى ئەسقاتتى، بىرسى بىر
ئىشنىڭ بېشىنى تۇتتى، بۇ ئۆيدە دېھ-
قانمۇ، ئىشچىمۇ، تىجارەتچىمۇ... مەيدانغا
كەلدى. ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالغاندا باي-
لىق بۇلاق سۈيىدەكلا ئاقىدىكەن، ئۇرۇش-
تالاش، يىغا-زارە قايناپ كەلگەن بۇ
ئائىلىدە ئەمدى شاد-كۈلكە، ناخشا-
ناۋا ياڭراپ كەتتى، توي — تۆكۈن ئەۋج
ئالدى ..............................

قول ئۇزارغانسېرى نۇردۇن ئاكا غولاچ-
نى كەڭ يايدى. بوز ئاچتى، كارىز چاپ-
تى، دۇكان ئاچتى. ئەمدى ئۇنىڭ قولى-
غا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ پۇل كىرىدىغان
بولدى.

بەزى كىشىلەر قولىغا پۇل كىرسە
ئۇيقۇسى قاچىدۇ، قاقتى-سوقتى قىلىپ
بىرنى ئىككى قىلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ،
نۇردۇن ئاكىمۇ قولىغا كىرگەننى چىڭ
تۇتىدۇ، لېكىن ئۇ پۇلنى خەجلەيدىغان
يەرگە ئايىمايدۇ، ھەممىدە ئانا ئىنگە-
چاقىسىز ئايال، بۇ ئايالغا نۇردۇن ئاكا
ئۆز ئاتىسىدەك كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىپ
كەلمەكتە. ئۇ يەنە يېقىنقى ئىككى يىل
ئىچىدە يېزىمىزدىكى ئۆستەڭ كۆۋرۈكنى
رېمونت قىلدۇردى، جاڭگالغا بۇلاق چاپ-
تۇرۇپ، قورغاق ئېتىزدا ئوت-چۆپ
ئۈندۈردى... نۇردۇن ئاكىنىڭ بۇنداق خا-
لىس ئىشلىرى دوقمۇشتا بىر ئۇچراپ
تۇرىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئابلېزىز ھەممىدە ئا-
نىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ چاي،
تۇزى ئاز قاپتۇ دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەت-
تى، ئوغلىنىڭ باتناپ قالغانلىقىنى سەز-
گەن ئانا بالىسىنىڭ ئارقىسىدىن پايپاس-
لاپ ئۆيگە كىردى.

نۇردۇن ئاكا ئېشەك ھارۋىسىنى يېتى-
لەپ دەرۋازا ئالدىغا كېلەمىشىگە ئايالى
چاقىرىپ قالدى:

— ھەي، توختىسىلىچۇ، ئابلېزىز باتناپ
قاپتۇ. خەققە پۇلنى ئايىمايدۇ، ئۆزەڭ خەج-
لە دەپ بىزگە پۇلمۇ بەرمەيدۇ — دەيدۇ،
ئۇنى بازارغا ئېلىۋالسىلا...، — دېدى.

— مەيلى، چاقىر ئۇنى، مەن بازاردا
ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشنى ئۆگىتىپ قوياي، —
دېدى ئۇ چىرايىنى ئاچماي.

بازار مولچىلىق ئىدى، بازارلاردىكى
نېمەتلەرنىڭ تولىلىقىدىن، رەڭمۇ-رەڭ-
لىكىدىن كۆزۈڭ قامىشىدۇ، كوچىدا
سانجاق-سانجاق ئادەم، تىجارەت ھەم-
مىلا يەردە قىزىپ كەتكەن، بازاردىن ھەر
قانداق كېرەكلىك نەرسىنى ئېلىش مۇم-
كىن، بۇنداق قاينام-تاشقىنلىققا تولغان،
ئاۋات بازارلار ئاز ئۇچرايدۇ.

مۇھاجىر قىز چۈشتىن بۇرۇن ساياھەت
نۇقتىلىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاش-
تۇرۇپلا بازارغا كەلدى، ئۇ، ئۆزىگە قىد-
زىق تۇيۇلغان، چەتتە كۆرگىلى بولماي-
دىغان نەرسىلەرگە، ئىشلارغا قىزىقسا كې-
رەك، بولۇپمۇ كاۋاپچى باللارنىڭ خۇش-
خۇي ۋە جاراڭلىق توۋلاشلىرى، ناۋاي،

سامسىپەزلەرنىڭ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي، خېرىدار قىچقىرىشلىرى، ئاشپەز ئۇستىلارنىڭ لەگمەن تارتىشلىرى ئۇنى جەلپ قىلىۋالدى، بۇ تائاملارنىڭ مەززىلىك، خۇشپۇراق ھىدى ئۇنىڭ ئىشتىيىنى قوزغىدى، كاۋاپتىن بەش زىخ يەپ باقتى، ئىككى سامسا ئالدى، شىرنىسى ئېقىپ تۇرغان مېۋىلەرنىمۇ ئېلىپ يېدى، ئۆپكە - زاسۇي، ھېسىپلارنىمۇ يېمەي كەتسەك بولامدۇ، تەمى تىلىڭدا قالمىغان بىلەن دىلىڭدا قالىدۇ - دە!

مۇھاجىر قىز، دېڭىز — ئوكيانلارنىڭ نېرىسىدىكى يىراق يۇرت — كانادادا تۇغۇلغان جۇڭگولۇقنىڭ ئەۋلادى، سەبىي ئۇماق ۋاقتىدىلا ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ: «قىزىم مەن جۇڭگولۇق، كىندىك قېنىم ئانا يۇرتۇم — جۇڭگودا تۆكۈلگەن، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمنى سېغىنىپ ئاي - يۇلتۇزلارغا قارايتتىم، مەن ئاي - يۇلتۇزلارغا قاراۋاتقاندا قېرىنداشلىرىممۇ قاراۋاتقاندۇ — ھەي، ئاي، يۇلتۇزلار! سىلەرلا دۇنياغا ئورتاق، قېرىنداشلىرىم بىلەن بىللە سىلەرگە قارىغانلىقىمنى، يۇرتداشلار بىلەن يۈرىكىمنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، — دەپ نالە قىلىپ كۆڭلۈمنى ئارامىغا چۈشۈرەتتىم. بىر كۈنى ئارمىنىمغا يېتەرمەن دەپ ئۆزەمنى گوللاپ يۈردۈم، ئەمدى مېنىڭ — ئادا قىلالمىغان قەرزىم ساڭا قالدى، تېز چوڭ بول قىزىم، ئىشقا ياراپ پۇل تېپىپ، يۇرتىمىزنى كۆرۈپ، تۇپرىقىمنى سۆيۈپ كەل، تەكلىماكان پەرزەنتى — ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما» دەپ نەسىھەت قىلغانىدى.

مۇھاجىر قىز، ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا ئايلانغان ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى قەلبىدە چىڭ تۇتتى، شوخ، بەگباشلىقىنى تاشلىدى، تىرىشىپ ئوقۇدى، ئوقۇپ يۈرۈپ، ئىشلىدى، ئوقۇشى تۈگەپ خىزمەت ئورنىغىمۇ ئىگە بولدى. ئۇ ئائىلىسىنى قامداپ يۈرۈپ، چەتتىكى بىرمۇنچە بەخت ۋە كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تۇرمۇش شارائىتىدىن ۋاز كېچىپ، پۇل - مولاپ پۇل توپلاپ، يول راسخوتى ھازىرلىدى… ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي سەپەرگە ئاتلاندى، تۇپىسىنى يۈزىگە سۈرتۈشكە تەشنا بولغان ۋەتىنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ بېيجىڭدە سەيلە - ساياھەت قىلدى، تيەنجىن، نەنجىن، شاڭخەي… لەرنى ئارىلىدى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، باغۇ - بوستانلىرى ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالدى، قەدىمىي ئاسارە - ئەتىقىلىرى، يادىكارلىقلىرى ئۇنىڭغا ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئۇزۇن، داغدۇغىلىق تارىخىنى ئەسلەتتى، يېڭى يۈكسىلىش تەرەققىياتلار ئۇنىڭ غۇرۇرىغا ئىلھام بەردى، تەسىراتلىرى ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى…

نۇرغۇن ساياھەتچىلەر «جۇڭگوغا كېلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنى سەيلە - ساياھەت قىلمىسا، ۋەتەننىڭ يېرى-

مىنىڭ كۆرمىگەنلىكىم بىلەن باراۋەر» دېيىشەتتى. بۇ سۆز ھەقىقەتەن راست ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە قەۋەتلا رازى بولدى، كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان — مەززىلىك تائاملارنى يېدى، چېگرا رايونىنى، خەلق تۇرمۇشىنى كۆردى، چۈشەنچىسى ئاشتى.

تۇيۇقسىز ئۇ، بىرنېمىنى يوقىتىپ قويغاندەك چۆچۈپ ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. پىشانىسىدىن مۇنچاقتەك تەرلەر ئېقىپ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى، ئۇ بايا خۇشاللىقتا، نەپسىگە بېرىلىپ، پىلانىنىڭ سىرتىدا پۇل خەجلەپ قويغانىدى، يول خىراجىتى كېمىيىپ قالسا، بولامدۇ؟ ئەمدى بىرسىگە چىش يېرىپ بىرنەرسە دېيىش ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

مۇھاجىر قىز يانچۇقلىرىنى، سومكىسىنى ئاقتۇرۇپ باقتى، ئۇنىڭدا ئارتۇقچە نەرسە يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇ، كىيىپ قويغان ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلىكىنى ساتماقچى بولدى، مۇھاجىر قىز بۇنداق ئىشنى زادىلا قىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ، كۆڭلەكنى بوغچىسىدىن چىقىرالماي بازاردا كۆپ ئايلاندى، خوتۇن كىشى-خوتۇن كىشىنىڭ قاياشى دەپتىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدىن كېلىۋاتقان بىر ئايالنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا ئىللىق كۆرۈندى!

— كۆڭلەك ساتىمەن، ئالامسىز؟ — ئۇ قىزىرىپ-تاتىرىپ مۇشۇ سۆزنى — ئارانلا قىلالىدى.

بىر ئايال كۆڭلەكنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئىككىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى...

× × ×

نۇردۇن ئاكا بوگۇنكى سودىسىدىن قەۋەتلا رازى، ئۇ ئانچە ئاۋارە بولمايلا تويلۇق رەخت-پەچەكنى ئېلىپ، سومكىسىنى توشقۇزۇۋالدى، ئىككى كىلو ھەسەلمۇ ئالدى، ئەمدى ئۇششاق-چۈششەكلەردىن ئاز-تولا ئالسىلا بولاتتى. ئۇ ئابلىزنى ئەگەشتۇرۇپ، بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە كىردى، گۆش شورپىسىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇلارنىڭ قەدىمىنى توختىتىپ قويدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ خۇماردىن چىقتى. ئۇلار قايتىش نىيىتىگە كېلىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئالدىدىلا بىرمۇنچە ئادەمنىڭ غۇژمەك بولۇۋالغانلىقىنى، نېمىنىدۇر تالىشىۋاتقانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ كۇلۇشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى تۇرنىدەك سوزۇپ ئوتتۇرىغا قارىدى، ئوتتۇرىدا مۇھاجىر قىز تۇراتتى، ئۇ قىزىرىپ يەرگە كىرىپ كېتەي دەپ قالغان، بىر ئايال بىر كۆڭلەكنى يېپىۋالغانىدى، كۆڭلەكنىڭ ياقىسى تولىمۇ كەڭ ئىدى، بۇ ھالنى كۆرگەن بەزى بىكار ئېغىزلار ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ، كۇلۇشەتتى، سۆز توگىمەيتتى.

نۇردۇن ئاكا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئارىغا قىسىلىپ كىرىپ كۆڭلەكنى ئىتتىكلا قولىغا

ئېلىۋالدى، گەپ - سۆز قىلماي يانچۇقىدىن بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك پۇللارنى چىقىرىپ مۇھاجىر قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تاللىۋېلىڭ سىڭلىم، — دەپ سەممىي چىراي بىلەن مېيىقىدا كۈلدى، مۇھاجىر قىزنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى، ئادەملەرمۇ ئۇلارغا تىكىلگەن ئىدى، مۇھاجىر قىز ئويلىنىپ تۇرمايلا بەش يۈەنلىك پۇلغا قولىنى ئۇزاتتى، نۇردۇن ئاكا ئۇنىڭغا ئون يۈەنلىكنى توغرىلىدى، مۇھاجىر قىز يەنىلا بەش يۈەنلىكنى ئالدى-دە، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك تويىتىن چىقىپ كەتتى. نۇردۇن ئاكا چاقىرىپ قوغلاپ باقتى، ئەمما يېتىشەلمىدى. ئۇ ئابلىزىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپ سورىدى: سەن مېنىڭ بۇ كۆڭلەكنى نېمىشقا سېتىپ ئالغىنىمنى بىلدىڭمۇ؟ ئابلىز ئاستىغا قاراپ كۈلدى، ئۇ، تارتىنىپراق ئەركىلەپ سۆزلىدى:

— پۇلىمىز بارلىقىنى كۆز - كۆز قىلىپچۇ، بىز باي - ھە ئاتا، مەنمۇ ..........

نۇردۇن ئاكا قاھ - قاھلاپ كۈلۈۋەتتى، كېيىن جىددىي تۈسكە كىرىپ ئابلىزنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، سەن بىلەمسەن، ئۇ قىز ناھايىتىمۇ يىراق يەردىن ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ كۆرگىلى كەلگەن، بۇنىڭغا نۇرغۇن - نۇرغۇن پۇل كېتىدۇ، ۋەتىنىنىڭ، يۇرتىنىڭ مېھرى گويا ئاتا - ئانىنىڭ بالىسىغا، بالىنىڭ ئاتا - ئانىغا بولغان مېھرىگە ئوخشاش بولىدۇ، قارىغاندا ئۇ قىزنىڭ پۇلى ئۆكسۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، بىز بۇ كۆڭلەكنى ئىشلىتەلمىسەكمۇ ئۇنى ئالساق قىز ئارزۇسىغا يېتىدۇ. بىلدىڭمۇ؟ ئۇنتۇما ئوغلۇم، بىز بۇگۈن بىر پاتمان ئالتۇنغا سېتىۋالغۇسىز بىر ئىشنى قىلدۇق.

نۇردۇن ئاكا ھاياجانلانغانىدى، ئابلىزمۇ ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە چۈشىنىپ، تەسىراتلار قاينىمىدا ئويغا پاتقانىدى.

— ئۇ قىز نېمە دېگەن ئىنساپلىق، ئاق كۆڭۈل - ھە، سەن ئۇنىڭدىن ئۆگەن: — دەپ قوشۇپ قويدى نۇردۇن ئاكا كوچىدىن قايرىلىۋېتىپ.

— ئۇنىڭدىن ئۆگەنسە بولامدۇ، ئاتا؟ - ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— بولماي، گۈزەل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەتنىڭ يۇرت - دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ، ھەممىگە ئورتاق، ئۇنى ئۆزەڭدىن يىراق كۆرسەڭ، — نۇردۇن ئاكىنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، — مانا، ئاتاڭدىن ئۆگەن، پۇلنى خەجلەيدىغان يەرگە چوقۇم خەجلەش كېرەك، خەجلىمەيدىغان يەرگە بىر پۇڭمۇ ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، مەن ئەمدى ئوقۇشلۇق كىتاب ئېلىۋالسام بولىدۇ، — دېدى. ئاتىسىغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاتىسىغا چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى ئويغانغانىدى.

— ھە بەللى، شۇنداق قىل، جۈر

كىتابخانىدىن كىتاب ئېلىۋېلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ، ئولتۇرۇپ كېلەيلى!

ئۇلار مەزمۇت قەدەم تاشلاپ ئالدىغا يۈرۈپ كەتتى.

مۇھاجىر قىز — ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغانلىقى بىلەن ئاجايىپ خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنى ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمۇ چوڭقۇر بولدى، بولۇپمۇ ئاددىي، سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، دېھقانىنىڭ يېقىملىق ئوبرازى ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدىن زادىلا نېرى بولمايتتى، ئۇنى ئويلىسىلا قەلبى سۆيۈنۈپ، ۋەتەنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى بۇلاقتەك ئۇرغۇپ چىقاتتى. دېھقانىنىڭ ئۆز ئاتىسىدەك كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىپ، پۇلنى زورلاشلىرى، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن مېھرىبانلىق نۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ كۈلۈشلىرى، سىڭلىم دەپ چاقىرىشلىرى ھازىرلا يۈز بېرىۋاتقاندەك، دېھقان ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋاتقاندەك، يەنە بىر كۆرۈۋېلىش تەشنالىقى بىلەن كەينىگە قاراپ قوياتتى، لېكىن ئۇ يوق ئىدى، ئۇ، بۇجايدىكى سەيلە - ساياھەتنى كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇردى. بۇ يەردىن كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا، ئۆزىگە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن دېھقانىنىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنەتتى.

مۇھاجىر قىز كەچلىك تاماقتىن چىقىپلا مېھمانخانىدىكى خىراجەتلىرىنى ھېسابلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى، بۇسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىدى - دە، ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى. دېھقانغا سېتىۋەتكەن ھېلىقى كۆڭلەكنى بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئۈستىدە چىرايلىق قاتلاقلىق تۇراتتى.

— كېلىڭ سىڭلىم، بۇنىڭدىن ئەجەبلەنمەڭ، — بوغالتىر قىزنىڭ ھالىتىنى سەزگەنىدى، — نۇردۇن ئاكا ئەزەلدىن ئۆزىنى ئويلىمايدىغان، خالىس، سېخى ئادەم. ئۇ، تونۇگۈنلا كۆڭلەكلىرىڭىزنى ئەپكىلىپ بەرگەن، قېنى تاپشۇرۇۋېلىڭ، — دېدى كۆڭلەكنى سۇنۇپ قويۇپ،

— مەن ... مەن ... ساتقانغۇ ....

قىزنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى.


— توغرا، سىز ساتقان، نۇردۇن ئاكام سىزنىڭ قىسىلىپ قېلىپ ساتقانلىقىڭىزنى ياد ئېتىپ، قېرىنداشلىرىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزدىن خۇشال بولدى، بۇيولدا ھەر ۋاقىت سىزگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۇردى.

مېھمانخانىمىزمۇ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تاپتى، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭىزنى تولۇق چۈشەندى، سىزگە ئېتىبار بېرىشنى مۇۋاپىق تاپتى.

مېھمانخانىدىكى بارلىق خىراجىتىڭىزنى كۆتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلدى.


بوغالتىر ئىسسىق مېھرىنى ياغدۇرۇپ، كۈلۈپ قارايتتى، ئۇنىڭ مېھرى ۋەتەننىڭ مېھرى، ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى ۋەتەننىڭ كۈ-

(ئاخىرى 62 - بەتتە)




# چېچىلغان يۇلتۇز

## ئابدۇقادىر جالالىدىن



ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964 - يىلى 3 - ئايدا، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1982 - يىلى بەشكېرەم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1986 - يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1982 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 90 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

### يەڭلىمىش

كېچىلەرنى سۆرەپ،
كېتىۋاتسام قۇياش ئالدىغا،
يولۇمنى توستى،
تالاي كۆزلەر
لەۋلەر
يۈرەكلەر.

سۇنۇلدى ماڭا،
مۇھەببەتنىڭ ئىللىق قولى.
كۆردۈم ئۆزۈمنى،
خۇمارلىق كۆزلەرنىڭ جىمىكلىرىدە.

بارغانسېرى زورايدى بىر كۆز،
يىقىلدىم ئىچىگە،
سېھرى بىلەن ھالسىراپ.

### تۇل ئانا

زەڭگەر دېڭىز ئاھ ئۇرغان چۈشتە،
زەڭگەر كۆڭلەك كىيگەن بىر ئانا،
بالىسىنى يېتىلەپ،
بارار كۆلرەڭ ساھىلنى بويلاپ،
زەڭگەر كۈنلۈك تۇتۇپ قولىدا.

لەرزان شامال قوچاقلىرىدا،
تەۋرىنىدۇ زەڭگەر رەڭ دولقۇن،
يەلپۈنىدۇ زەڭگەر رەڭ كۆڭلەك.
گاھى ئۆرلەپ
گاھى پەسىيىپ
دولقۇنلايدۇ ئانىنىڭ كۆكسى؛
زەڭگەر
زەڭگەر
زەڭگەر رەڭ جۇلا؛

ئېيتىلىدۇ قەدىمىي ناخشا،
ئىشىتكەندە ئۆرتىنەر يۈرەك.
ئاق بۇژغۇنلار
شاماللارغا مىنگىشىپ پات - پات،
سىڭىپ كېتەر زەڭگەر كۈنلۈككە...

زەڭگەر دېڭىز
كۆلرەڭ سەيلىگاھ
زەڭگەر كۈنلۈك، زەڭگەر رەڭ ساما.
زەڭگەر - زەڭگەر
زەڭگەر رەڭ دۇنيا.

### ئۇيقۇدىكى پەرىزات

ئۆتمۈشىنى ساقلاپ،
ياتقىنىدا بەھۇزۇر ئۇخلاپ،
ئۆتۈپ كەتتى ئاي،
چىرايىڭغا كۆلەڭگە تاشلاپ.

چىرايىڭدىن،
قىسمىتىڭنى ئاقتۇرۇپ شامال،
پىچىرلايدۇ شاپاشلاپ.
گاھىدا
ناخشا تىلەر جىمجىتلىقىڭدىن.

ھەر سەھەر
سىرلىرىڭنى ئالالماي سەندىن،
كېتىدۇ چولپان،
ساھىلىڭدىن گۈگۈمنى باشلاپ.

### چۆكۈپ كەتكەن سۇئاللار

—1—

نۇر ئوغرىلاپ،
مەڭزىمدىكى ھال رەڭنى يۇيۇپ،
يۈرىكىمنى سۆرەپ
دومىلايدۇ تامچە - تامچە ياش،

—2—

ساما ئايلىنىپ،
نەگە بارار تامچىلارغا مىنگىشىپ؟

چۈكۈپ كەتتى ھايالىمىز،
سوئاللىرىم بولۇپ خادا تاش.

— 3 —

دېڭىزلارنىڭ تەكتىگە،
شۇڭغىساممۇ چىقمىدى ئۈنچە.
دولقۇنلاردا لەيلەيدۇ بۇزغۇن،
شامالارغا بولۇپ ئويۇنچۇق.

— 4 —

ھەر ئاخشامدا،
دالدا قىلىپ كۆكۈمنى.
پاكلىنىدۇ يۇيۇنۇپ قۇياش.

## زاھىد

شېئىرلارغا ئوراپ دىلىمنى،
يۈرۈپ كەتتىم....
قونالغۇلار قالدى ئۇزاقتا.
چەكتىم

## شائىر

ھىلال ئايغا
ئېسىپ قويدۇق
يۈرىكىمىزنىڭ سوقۇشلىرىنى
يۈرۈپ كەتتۇق...
ئولتۇردۇق
دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە،
سارالڭ شامالغا يانداشىپ بىللە،
يىغلىدۇق...
سېنى چۈشەيدۇ چۈش:
يانتىق سوزۇلۇپ
ئۈستىدە
پىچاق بىسىنىڭ...
ئويغانسا كۆڭلۈم،
يالىڭاچلاندى بوران
ئۈستىدە كاردىدتىڭنىڭ،
تارتىندىق نەچۈن؟

## تەشۋىش

بۇ دۇنيا
تۆرەلدى بىر تال قوۋۇرغامدىن.
بوغىزىمدا بىر ئاخشا
تېخىچە...

كۆرسەم يورۇق رۇجەكلەرنى..
ئالالمىدىم دەم
كۆز يېشىمنىڭ ئارىسىدا تۇنجۇقۇپ.
تۇنەمەيلا خوشلاشتىم شۇڭا.
ئىلاھ سۈپەت تالانتلار،
چىللار مېنى تەرەپ - تەرەپتىن.
كۆلكە
ھەسرەت
چۇقانلار بىلەن
قىزدىل
سېرىق
ياپېشىل نۇرلار،
گىرەلىشىپ
كىرپىكىمگە تىقۇيدۇ تورلار.
كۆزۈمدىن ئۇيقۇمچە،
ئۇيقۇمتىن كۆزۈمگىچە،
لەپىلدەيدۇ ئەۋرىشىم يوللار.

## شېئىر تىنىماقتا

### ئەخمەتجان ئوسمان

تەشۋىشىمنى يۇدۇپ كېلىمەن
بۇ يولدا
ئەلەمسا قىتىن قىيامەتكىچە.

## قۇشلار

ئاشكارىلايمەن
قۇشلار تىلىدا
پەسىللەرگە سىرىمنى.
ياساپ كەلدىم خۇشاللىقىمنى
خۇشاللىقىمدا قۇشلارنىڭ،
ئۇخلاپ قالسام چاڭگىلىرىدا
چۈشەيمەن
ئۇلار دائىم چۈشىگەننى.
مەن تۇغۇلدۇم ئۇلارنى دەپ،
قۇشلارمۇ
تۇغۇلدۇ ئارمانىمدا.
ئەي، سەن خۇدا!...
ئېلىپ كەت مېنى بۇ دۇنيادىن
قالسا ئۈزۈلۈپ
ئاخشىلىرى قۇشلارنىڭ.

باقچىمىزدا ھەر ياققا تېنەپ،
يىراق ئۇيقۇقتىن،
كۆتۈرۈلدى يۈرىكىم.
يۈگۈردۈم
يۈرىكىمدىن تۇرالغۇ ئىزدەپ.

## بارىمەن يەنە...

ئىزلاردىن توقۇلۇپ،
پۈتتى سانسىز گىرىمسەن يوللار.
قويۇنىغا ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى،
خىيالىمغا ئارتىپ قويدى شامالار.
يايدىم
بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكىچە،
بىر - بىرىگە ئۇلاپ يوللارنى...
بىر پەستىلا تۈگەتتىم مېڭىپ،
ئاخشامغا قاراپ بارىمەن يەنە،
داۋامىنى توقۇپ يوللارنىڭ.

## بەزەن

1

بەزەن...
سەھەردە
چىقىپ كېتەر شېئىرىم
يەلكىسىگە تاشلاپ چاپاننى.
قايتىپ كېلەر ئاخشىمى
بويىلىپ قانغا
يۈز - كۆزى.

2

بەزەن...
ئۇخلايدۇ بوران
كوچىمىدىلا
قويۇپ تاشقا بېشىنى.
كىرەر چۈشىگە
يىڭنىغۇچلار...

3

بەزەن...
كۆرىمەن كۆڭلۈمنى
بازاردا،
ئولتۇرىدۇ زوڭزىيىپ،
ئالدىدا
بىر دۆۋە يۇلتۇز.

4

بەزەن...
ياتار شامال ئۆڭكۈرىدە

كۆيلىنىپ:
نەدىن باشلىندى،
نەدە تۈگەيدۇ،

ئىسمىتەيدۇ نېمە؟

5

بەزەن...

تۈنەپ چىقار خۇدا بىر كېچە
شائىرى كۆزىدە.

1986 - يىل، ئۈرۈمچى.

## ئىككى شېئىر

ئالىپ راخمان

## بىز شۇنداق مەخلۇقلار

قۇياش دېدىم،
ۋىسالىغا تەلمۈردۈم ئۇزاق،
كۆيدۈم سەمەندەردەك
ئاتەشلىرىدە.
قاي ۋاقىتكىن
ئۈزۈپ ئالدىم كۆكتىن ئۇنى
سالدىم قوينۇمغا.
.... ........
قۇچىقىمدا
بىر پارچىسى مۇز تاغنىڭ...

## قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار....

(قىش تەسىراتلىرى)

قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار...
توزىماقتا ئۇماق چېچەكلەر
مەن كۆرىمەن ئەمما
زەڭگەر كۆكتە تۇرنىلارنى.
قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار...
مەن كېلىمەن ئەمما
چىمەنلەرنى قىلىپ پايانداز.
قار ياغماقتا لەپىلدەپ، ئاق قار..
مەن ئاڭلايمەن ئەمما
ئاڭلاپ - ئاڭلاپ قانماس بىر كۈيىنى —
ئايدىڭ ئاستىدا
سايرايدۇ بۇلبۇل!

## سىلەر سۇنغان، سۇناي مەنىۇ جام....

باتۇر روزى

ئوسا يەرلەر ئويۇپتۇ توتاش،
تىكەنلەرگە يامرىماقتا نەم؛
بەلباغ - بەلباغ نۇر سېپەر قۇياش،
بىرىپ يەرگە تەبەسسۇم شۇ دەم.
چانا ھەيدەپ كەلگەنچە بىر قىز
ئۆتۈپ كەتتى مۇركىلىپ غىل-پال؛
ئۇ دالامنى ئايلىنىپ تېز - تېز،
زەڭگەر رەڭدە ھەل بەردى دەرھال.
قاپتاللاردا ياڭرىتىپ سادا،
تۆمۈر تۇمشۇق چوقۇلار ئۇرمان؛
ئۆمۈ بىزدىن بولمىدۇ جۇدا،
زەڭگەر چوشلەر كۆرمەيدۇ ئىنسان.
تەبىئەت گاھ ياسىداق ئايۋان،
كەيمە تازغا ئوخشايدۇ گاھى؛
ئۇ ھېچكىمگە بولالماس ماكان،
ۋە ھېچكىمنىڭ ئەمەس پاناھى
دوستلار، دوستلار كۆڭلۈڭلار بەك كەڭ،
ھەقار ئاڭا مەن تۇرماق، ئالەم!
ئۇ توزۇمەس ھەرئان ھەرخىل رەڭ،
ئۇ ياسايدۇ مىليونلاپ ھاتەم.
ئەي، تەبىئەت، سەن شالاق، رەڭباز،
گۈل كۆرۈندۈڭ بولغاچ دوستلارنىڭ؛
دوستلار، دوستلار كېلىڭلار بۇياق،
بەدەشقانغا بولاي پايانداز،
يادلانمىسۇن رەھمەتلىك ئاتام،
ماتەملەرگە ئەمەس كۆڭلۈم جاي؛
سىلەر سۇنغان، سۇناي مەنىۇ جام،
ئىچە - ئىچ مەي!
ئىچە، شەلپەر چاي.

## يۇلتۇز قەبرىسى

پەرھاد ئىلىياس

1

ھارغىن كېچە...
چاقنىدى بىر ئىز
يىراق كۆكتە ئۆنسىز، ئۈمىدسىز.
چاقناپ ئۆتتى ئاداققى تىنىق،
ئاقار يۇلتۇز
قالدى لېكىن كۆكتە قەبرىسىز...

2

تەشۋىشلەنگەن يۇلتۇزلار
ئۇزاق-ئۇزاق ئىبادەت قىلىپ،
ئۇخلاپ قالدى كۆز يۇمۇپ.
بۇلۇتلاردىن سىيلىپ باشقا ئاق،
ئاي ئۇيۇقتا پاتتى دۈگىلىنىپ...
ئۇخلالمىدىم،
مۈگىلىيەلمىدىم،
ئوت ئىچىدە ياتتىم تولغىنىپ...

3

توۋلىدىم:
ھەي!!!—
ئاڭلا، ئاڭلا ئاسمان تەڭرىسى،
كەڭ ئاسماننى ئەيلىگىن گۆرىمىز
كۆكسۈم بولسۇن ئۇنىڭ قەبرىسى!...

## ئىككى شېئىر

ئەزىزى

## ئالەم يوقمىسا.....

ئالەم كېزىپ ئىزدەگىلەر مېنى،
يوقاپ كەتسەم بىخوتلۇقۇمدىن.
ھېچ گەپ ئەمەس ئالەم يوقىسا،
تېپىش ئاسان كۆز قارچۇقۇمدىن.

## جاۋاب سادا

مەن ھاياتقا نېمىلەر بەردىم،
ھايات ماڭا نېمىلەر بەردى؟
ناخشا قىلىپ تولۇقسام بۇنى،
سادا سىغا ئالەم تار كەلدى.

## كۆتۈش

ئادىلجان تۇنىياز

ئورمانلىقنىڭ خىلۋەت بۇلاق بويىدا،
شىلدىرلايدۇ ئەقىدىنىڭ ناخشىسى.
ئاڭلىنىدۇ چاتقاللىقنىڭ ئىچىدىن،
كېيىنكىنىڭ يول تاپالماي قاخشىشى.
كۆڭۈل ئۇخلار، ئۆركىشىدە دەريانىڭ
جۇپ سايىلەر قول سىلكىشەر يىراقتا.
ھىجران بىلەن داۋالغۇسا دولقۇنلار،
كۆڭۈل ئۇنى قۇچاقلايدۇ يىراقتا.

# خىسلەتلىك تاش بالا

(چۆچەك پوۋست)

(مۇھەممەت روزى يارقىن)

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## قاچقۇن

رىچارد چۈشكۈرتۈش دورىسىنى پۈراپ تۇرۇپ باغلاقلىق تاش بالىغا كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— بىز تونۇشۇۋالايلى، مېنىڭ ئىسمىم رىچارد، ناھايىتى مۇلايىم ۋە مېھرىبان ئادەممەن.

— يالغان، سەن مېھرىبان ئادەم بولساڭ نېمىشكە مېنى باغلاتقۇزىسەن، — تاش بالا قەتئىيلىشىپ سۆزلىدى.

— ياق، ياق، سېنى باغلاتقۇزغان مەن ئەمەس، ئۇ باشقا ئادەم، كېيىن بىلىسەن.

رىچارد چۈشكۈرۈشكە تەييارلىنىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ئەپسۇسكى چۈشكۈرەلمىدى. ئۇ بۇرنىغا يەنە دورىنى يېقىشىن ئەكەلدى، تاش بالا ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن مۇراجىئەت قىلدى.

— مېنى قويۇۋەت، مەن كېتىمەن!

— كېتىمەن؟ نەگە كېتىسەن؟

— مومام يالغۇز قالدى، مومامنىڭ قېشىغا كېتىمەن.

— مومامنىڭ قېشىغا كېتىمەن؟!... ھە ....ھە....ھەپچۈش، مۇنداق دېگىن، ھەپچۈش. تاش بالىنىڭ مومىسى ھەرقاچان تاش بولىدىغۇ دەيمەن ... ھەپچۈش.

تاش بالىنىڭ ئەتراپىدىكى رىچاردنىڭ ئىككى ئادىمى رىچاردنىڭ مەسخىرىسىدىن ھوزۇرلىنىپ قاھقاھلاپ كۈلدى. تاش بالا غەزەپ بىلەن رىچاردقا ھۇمايدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئىشىككە يۈگۈردى. رىچاردنىڭ ئىككى ئادىمى دەرھال كەينىدىن بېرىپ تاش بالىنى تۇتۇۋالدى.

— سەن يۇۋاش بول، - دېدى رىچارد ئورنىدىن تۇرۇپ، - سەن گېپىمگە كىرسەڭ، سېنى باغلاقتىن ئازاد قىلىمەن.

تاش بالا ئۈندىمىدى.

— قانداق، ئىككىمىز كېلىشۇالامدۇق؟

— ...

رىچارد مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن سېنى ھېچنەرسە قىلمايمەن، پەقەت دۇنيانى ساياھەت قىلغۇزىمەن، لېكىن سەن نەي چېلىپ، كۆكۈش نۇر چاقنىتىپ بېرىشكىلا ۋەدە بېرىسەن، قانداق؟

ئىشىك ئېچىلىپ رىچاردنىڭ خىزمەتچىسى چارلىز كىرىپ كەلدى. ئۇ رىچاردنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ھاپىز باي كەلدى، — دېدى.

رىچارد ئالمان - تالمان تاش بالىنى تۇتۇپ تۇرغان ئىككى ئادەمگە ئىشارەت قىلدى، ئۇلار تاش بالىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن رىچارد چارلىزغا:

— تاش شۇمتەك ناھايىتى ياۋۇزكەن، ئۇ قېچىپ كەتمىسۇن، ئۇنى ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنىڭ ئۈستىنى مىخلىۋېتىڭلار، ئاندىن مېنىڭ تەييارلىقىمنى ئىشلەڭلار، قاراڭغۇ چۈشكەن ھامان يولغا

چىقىپ كېتىمىز، - دېدى.

چارلىز رىچاردنىڭ ھەر جۈملە سۆزىگە باش لىڭشىتىپ:

— بولىدۇ، خوپ، — دېدى.

رىچارد ئاخىرىدا:

— ھاپىز باينى مېنىڭ قېشىمغا كىرگۈزۈۋېتىڭلار، ئۇنتۇما، ئىش شۇنداق توغرىلىنىدۇ، - دەپ بۇيرۇق قىلدى. چارلىز ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ھاپىز باي كىرىپ كەلدى.

— ئوھوي دوستۇم، — دېدى رىچارد خۇشخۇيلۇق بىلەن، — سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.

رىچارد خېنىملارنىڭكىدەك ئىنچىكە قوللىرىنى ھاپىز بايغا سۇندى.

— سالامەت تۇرۇپسىز رىچارد ئەپەندى؟

ئۇلار يالغاندىن كۈلۈشۈپ قول ئېلىشتى. ھاپىز باينىڭ ساپاندەك قوللىرى رىچارد ئەپەندىنىڭ ماھۇتتەك قوللىرىنى ئاغرىتىۋەتتى بولغاي، ئۇنىڭ چىرايى كۈلكىدىن يىغىغا ئۆزگىرىۋاتقان ئادەمنىڭكىدەك كۆڭۈلسىز كۆرۈندى.

— كۆرگەنلا نەرسىنى قامىلاپ ئالىدىغان قوللىرىڭىز نېمىدېگەن ئاجايىپ، ھە؟! - دەۋەتتى رىچارد ئەپەندى قولىنى تارتىۋېلىشقا ئالدىراپ.

— ئەلۋەتتە،شۇ قوللاردىن ئامەتلەنگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالماپسىز - دە، رىچارد ئەپەندى.

ئۇلار يەنە بىر ھازا يالغان كۈلۈشتى. ئاندىن ئورۇندۇقلاردىن جاي ئېلىشتى.

- شۇنداق قىلىپ يەنە ئىككى مىڭغا رازى بولماپسىز؟

رىچارد ئۆزۈن ۋە توم، رەڭگى قارا سىگارىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرغاچ يەر ئاستىدىن ھاپىز بايغا قارىدى.

— يوقسۇ رىچارد ئەپەندى، سودىمىز سودا بولسۇن، گېپىمىز گەپ.

— تاش بالىنى سىز تاپقىنىڭىز بىلەن ئۇنى ئەكىلىشكە مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ ياردەملەشكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— بىلىمەن، بىلىمەن جانابى رىچارد ئەپەندى. سىزنىڭ كىشىلىرىڭىزنى مەن باشلاپ ئاپارمىسام ئۇلار نەدىن تاپالايتتى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بىر بىزەڭ چىۋىن ئۇلارنىڭ بېشىدا گىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرۈپ، رىچارد ئەپەندىنىڭ يۈزىگە قونسا، بىردەم ھاپىز باينىڭ يۈزىگە قوناتتى. ئۇلار زېرىككەنسىتىن قولى بىلەن يۈزىنى قورۇيتتى.

— ئىسسىپ كەتكەنسىز، — دېدى رىچارد بىر چاغداجىملىقنى بۇزۇپ، — دېرىزىنى ئېچىۋاتاي.

رىچارد بېرىپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى. ھۇپپىدە سالقىن شامال كىرىپ دېرىزە پەردىلىرىنى يەلپىدى. رىچارد غەربتىكى ئېگىز تاغلار ئارقىسىغا يېتىۋاتقان قۇياشقا بىر ھازا تىكىلىۋېلىپ ھاپىز بايغا مۇراجىئەت قىلدى.

— ئۇسسىغانسىز باي ئەپەندى، بىرئاز چاي ئىچەيلى.

ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە:

— چارلىز، چارلىز، - دەپ توۋلىدى.

— نېمە ئىش خوجايىن، - سورىدى چارلىز بىر ئۆيدىن چىقىپ.

— چاي ئەكىر، بىز ئۇسسۇدۇق.

رىچارد جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— جانابى رىچارد ئەپەندى، - دېدى هاپىز باي رىچاردنىڭ تايىنى يوق ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى سوزۇۋاتقانلىقىدىن زېرىكىپ، — ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى. مەن يەنە تاقەت قىلالمايمەن.

— نېمىگە ئالدىرايسىز، ھەقاچان رىچارد گېپىدىن يېنىۋالىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسىز، بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن دەسلەپتىلا ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچقانىكەنمەن، ئاخىرى سۆزىمىز شۇنداق بولىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىپ چارلىز پەتنۇسقا ئىككى ئىستاكان چاي ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، چىقىپ كەتتى.

— قېنى چاي ئىچىڭ.

هاپىز باي رىچاردنىڭ ئۇنىڭ تىللانى ساق بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ ئىستاكانغا قولىنى ئۇزىتىپ:

— قېنى، قالغان بەشىڭىزنى ئۈستەلگە قويۇڭ، — دېدى.

رىچارد ئىستاكاندىكى چاينى بىر ئوتلىۋېلىپ:

— ئالدىرىماڭ، گېپىم گەپ، بەرىبىر ھەممىنى ئالىسىز - دېدى.

هاپىز باي چاينى ئارقا-ئارقىدىن ئوتلىدى. رىچارد سومكىنى ئالدى - دە، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۈستەلگە كۆمتۈردى، تاراڭلاپ چۈشكەن تىللالار باينىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇ ئىستاكاندىكى چاينى بىراقلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىپ بولدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆزىڭىز ساناپ ئېلىۋېلىڭ، — دېدى رىچارد سېخىلىق بىلەن.

باي ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ ساناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى شۇ قەدەر چاققان ئىدىكى رىچارد ھەيران قالدى. بىراق ساناش ئۇزۇنغا داۋام قىلالمىدى. هاپىز باينىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ، كۆزى يۇمۇلۇشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى بىر نەچچە قېتىم سىلكىپ باقتى. لېكىن بارغانسېرى بولالمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل شېرىنلىق تۇيغۇسى قاپلىۋالدى، ئۇ بېشىنى ئۈستەلگە قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

رىچارد ئەپەندى شۇ چاغدىلا چوڭقۇر تىنىۋالدى - دە، سىگارىتقا سەرەڭگە چاقتى ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەچچە نەپەس كۈچلۈك شۈمۈردى. ئاندىن، هاپىز باينىڭ ئالدىدىكى تىللالارنى يىغىشتۇرۇپ قايتا سومكىغا سالدى.

— ئەخمەق، — دېدى ئۇ ئۆلۈكتەك مىدىرمۇ قىلماي ئۇخلاۋاتقان بايغا قاراپ، — ساڭا بېرىدىغان نەدىكى ئۇنىڭ تىللا، پېقىر تىللانى دەپ يۇرتمۇ - يۇرت يۈرۈۋيدۇ.

ريچارد ھاپىزبايىنىڭ يېنىنى ئاختۇردى ۋە تىللا قاچىلانغان خالتىنى تېپىپ چىقتى. خالتىنىڭ ئىچىدە ريچارد ئىلگىرى بەرگەن بەشمىڭ تىللادىن باشقا يەنە كىشىلەردىن قاقتى-سوقتى قىلىپ يىققان پۇللاردىمۇ خېلى بار ئىدى. ريچارد كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خالتىدىكى تىللالاردىمۇ سومكىسىغا قويۇۋالدى.

— خەير-خوش، جانابى باي ئەپەندى، سالامەت بولۇڭ!...

## جىلغىدىكى كېچە

چۆللۈكتە تۆگىلەر ۋە ئاتلارغا قوشۇلغان ھارۋىلار كېتىپ باراتتى. ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدىكى مەنقۇلاتلار، تۆمۈر قەپەزدىكى «ئاجايىپ ئادەملەر» گاھ سولغا، گاھ ئوڭغا ئىغاڭلايتتى. ريچارد ئەڭ ئاخىرىدىكى تۆگىدە شىلەپىسىنى چوڭقۇر كىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى گۈزەل مەنزىرىلەر نامايان بولماقتا ئىدى.

ئەنە، ھەيۋەتلىك چېركاۋلار، ئېگىز بىنالار، سارايلار، باغچىلار، تاملاردىكى تاش بالىنى كۆرگەزمە قىلىش ئېلانلىرى، ئايىغى ئۈزۈلمىگەن ئۆچرەتلەر، «ئاجايىپخانە» دىكى تاش بالىنى كۆرۈۋاتقان بەس-بەس ئادەملەر، بەگزادىلەر، ئېسىلزادە خېنىملار، گېنىراللار. مانا ئەمدى كارولمۇ كەلدى. ئۇ ريچارد ئەپەندىگە چوڭ ھۆرمەت بىلدۈردى. ريچارد ئەپەندىنىڭ نام-شۆھرىتى پۈتكۈل شەھەرنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى... گويا ئاسماندىن يامغۇردەك تىللا ياغدى...

ريچارد ئەپەندى ئىختىيارسىز ھېچقىلىپ يۈزىنى ئاسمانغا تۇتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇششاق بىر نەرسىلەر تامچىلىدى. ئۇ گويا راستىنلا تىللا چۈشۈۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ يۈزىنى سىلىۋىدى يامغۇر ئىكەن. ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقلىرى بىردەمدە نەگىدۇ غايىب بولدى. ئۇ، تۆگىچىلەرگە ۋاقىرىدى:

— تېز بولۇڭلار، ئالدىمىزدىكى تاغ جىلغىسىغا كىرىۋالايلى!

تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى تېز مېڭىشقا مەجبۇرلىدى، لېكىن نەچچە كۈندىن بۇيان ھېرىپ ھالى قالمىغان تۆگىلەر ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىگىلىرىنىڭ زورىغا پەسەنت قىلمىغاندەك باشلىرىنى ئۇياق-بۇياققا ئىڭشىتىپ قويۇپ، ئاياغلىرىنى ئېغىر-ئېغىر ئېلىشتى...

ريچارد ئەپەندى زەردە بىلەن تېخىمۇ بەكرەك توۋلىدى:

— گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىلەر، تېز بولۇڭلار دەۋاتىمەن، تېز، ھوي چارلىز، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

چارلىز جىددىيلىشىپ باشقىلارنى توۋلىدى.

— تېز بولۇڭلار، تېز! خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىمايۋاتامسىلەر؟!

ئۇلار قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئاخىر شىددەتلىك يامغۇرغا قالدى. ئۇلار تاغ جىلغىسىغا كىرىپ بولغىچە گويا دەرياغا چۆمۈلۈپ چىققاندەك پۈتۈنلەي سۇ بولۇپ كەتتى. تۆگە، يوك-تاقلارمۇ، قەپەزدىكى «ئاجايىپ ئادەملەر» مۇ

بۇنىڭدىن خالى بولالمىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن يامغۇر توختىدى. غەرب ئۇپىقى شەپەققە پۈركەندى.

رىچارد كېچىنى جىلغىدا ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، ئادەملىرىگە چېدىر تەييارلاشنى بۇيرۇدى. هارۋىلاردىن تۆگە، ئاتلار بوشىتىلدى. چارلىز رىچاردنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— خوجايىن، تاش بالىنى ساندۇقتىن بوشىتىمىزمۇ قانداق؟ - دەپ سورىدى.

رىچارد ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ:

— بۇ يەردە بىرەرسى كۆرۈپ قالماس؟ - دېدى.

— بۇ جىلغىدا بىزدىن باشقا كىممۇ بولسۇن دەيسىز؟!

— بوشاتساق بوشىتايلى، لېكىن ئۇ قېچىپ كەتمىسۇن.

— قېچىپ نەگە بارالايتتى. بىر ئازدىن كېيىنلا قەپەزگە سولىۋېتىمىز.

— بولمايدۇ، قەپەزدىكىلەر ناھايىتى ياۋايى، ئۇلار تاش بالىغا زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشتىن يانمايدۇ. ئۇنى چېدىردا قوندۇرۇپ، ياخشى كۆزەتچى قويۇشىمىز كېرەك.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزنى ئىجرا قىلىمىز.

چارلىز ئىككى ئادىمىنى باشلاپ، تاش بالا سېلىنغان ساندۇقنى هارۋىدىن چۈشەردى - دە، تۆمۈر - بولقىلار بىلەن ساندۇقنى ئاچتى...

تاش بالا ساندۇقتىن چىقىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلىقتىن بېشى قېيىۋاتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىمىر - چىمىر بىر نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى. بارا - بارا قەپەزدىكى «ئاجايىپ ئادەملەر»نى ئېنىق پەرق ئەتتى - دە، چۆچۈپ كەتتى.

بۇ نېمە ئادەملەردۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، — ئۇلارنىڭ تېرى نېمانچە باشقىچە،

— ھەي تاش بالا، - دەپ خىتاب قىلدى قەپەزدىكى يۈكلۈق ئادەم بوم ئاۋاز بىلەن، — سەن مەندىن قورقما، بۇ ياققا كەل.

تاش بالا ئۇنىڭ يۈكلۈق زور بەستىگە قاراپ بېقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا زادىلا جۈرئەت قىلالمىدى - دە، بېشىنى چايقىدى.

— قورقما، — دېدى يۈكلۈق ئادەم قەپەزنىڭ شادىلىرىنى تۇتقىنىچە، — بۇ ياققا كەل، بىز دوست بولايلى.

تاش بالا دەسلەپ ئارىسالدا بولۇپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن قەدەملىرىنى ئاستا - ئاستا يۆتكەپ قەپەزنىڭ ئالدىغا كەلدى. يۈكلۈق ئادەم ئىككى يېنىغا قارىۋېتىپ:

— ئاۋۇ تاشنى ئېلىپ بەر، - دەپ تاش بالىنىڭ پۇتىدىكى ئادەم مۈشتىچىلىك تاشنى كۆرسەتتى. تاش بالا قورقۇپ تۇرۇپ:

— ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— سەن ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن بىلىسەن.

— مېنى ئۇرامسىز؟

— سېنى ئۇرۇشتىن ماڭا نېمە پايدا، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تۇتقۇن تۇرساڭ.

— تۇتقۇن؟ - ھەيرانلىق بىلەن چۆچۈپ تەكرارلىدى تاش بالا.

— سەن ئۆزەڭنىڭ تۇتقۇن ئىكەنلىكىڭنى بىلمەمسەن؟ ئاۋۇ قەپەزلەرگە قارا، — يۇڭلۇق ئادەم باشقا قەپەزدىكىلەرنى كۆرسەتتى، — ئۇلارمۇ تۇتقۇن، بىز ھەممىمىزنى رىچارد دېگەن بۇلاڭچى دۇنيادىكى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تۇتقۇن قىلغان. ئۇنىڭ دۇنيادا بارمىغان ھېچ نەرى قالمىغان. ئۇ بىزنى دۇنيادىكى چوڭ شەھەرلەرگە ئاپىرىپ كۆرگەزمە قىلىپ پۇل تاپىدۇ. ئۇ ھازىر سېنى تاپقانلىقىدىن بەكمۇ خۇشال. ئۇ سەن بىلەن ئېخىمۇ باي بولماقچى.

— ئۇ مېنى ئۆز ئېلىمدىن ئېلىپ كەتمەكچىمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ.

— مەن ئۇنىمايمەن، - تاش بالا قەتئىيلىشىپ سۆزلىدى، - مەن ئۆز ئېلىمنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن.

— كىممۇ ئۆز ئېلىنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟! مېنىڭچە بولسا بۇ تار قەپەزلەرنى چېقىپ تاشلاپ، بۇركۇتتەك پەرۋاز قىلىپ، ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم دەيمەن. لېكىن ئامال قانچە، مېنىڭ يۇڭلۇق ئادەم بولۇپ قېلىشىم، ئاۋۇ قەپەزدىكىلەرنىڭ بىرسىنىڭ ئىنتايىن يوغان ئادەم بولۇشى، بىرسىنىڭ ئىنتايىن ئېگىز ئادەم بولۇشى، يەنە بىرسىنىڭ قارا تەنلىك ئادەم بولۇشى، يەنىە باشقىلىرىنىڭ ئىنتايىن پاكار پاپا ئادەم بولۇشى، يەتتە بارماقلىق ئادەم بولۇشى، سېنىڭ خىسلەتلىك تاش بالا بولۇشۇڭ، ھەممىمىزنى ئۆز ئېلىمىزدىن ئايرىۋەتتى. بىز بەكمۇ بىچارە ئادەملەر بولۇپ قالدۇق...

يۇڭلۇق ئادەم ئەلەم بىلەن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. تاش بالىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئۆزى قورققان بۇ ئادەملەرنىڭ ناھايىتى باخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يەردىكى تاشنى ئالدى - دە، يۇڭلۇق ئادەمگە بەردى. ئاندىن باشقا قەپەزلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارغا سولانغان كىشىلەر بىلەن تونۇشتى.

تۇساتتىن مەيدىلىرى تۈكلۈك، ئۇزۇن چاچلىق ئالۋاستىدەك بىرسى تاش بالىنى:

— نېرى تۇر، - دەپ ئىتتىرىۋەتتى.

تاش بالا ئۇنىڭ ئەتراپىدىن يىركىنگەندەك ئارقىغا داجىدى. مەيدىلىرى تۈكلۈك ئادەم قەپەزدىكىلەرگە نان تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى. ئۇ يۇڭلۇق ئادەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ناننى سۇنۇشىغا يۇڭلۇق ئادەم ئۇنىڭ قولىنى شارتتىدە تارتىپ قەپەز شادىلىرىدىن كىرگۈزدى - دە، تاش بالا ئېلىپ بەرگەن تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئىككىنى ئۇردى. مەيدىسى تۈكلۈك ئادەم «ۋايجان!» دەپ تووۋلىدى

ۋە كۆزلىرى چەكچىيىپ قەپەز ئالدىغا يىقىلدى. بىردەمدىلا رىچاردنىڭ ئادەملىرى قامچا ۋە پىچاقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، قەپەزنىڭ ئالدىغا كېلىشتى، ئۇلار ھۇرپۇيۇشۇپ، يۇڭلۇق ئادەمنى ئۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەپەزنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى - دە، ئامالسىز ئۆز ئادىمىنى ئېلىشىپ كېتىشتى. قەپەزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خۇشال كۈلۈشتى. رىچاردقا پاقىلىرىنى تۇرۇپ، تىترىگەن ھالدا:

— ھۇشۇڭنى يىغىۋال، بولمىسا كۆرگىلىكىڭنى كۆرۈشىسەن، - دەپ تۋۋلىدى، لېكىن قەپەزدىكىلەر تېخىمۇ بەكرەك ئۈن سېلىپ قاھقاھلاشتى. رىچارد چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ۋۇ ياۋايىلار، — دېدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، چېدىرگە كىرىپ كەتتى.

تاش بالا يۇڭلۇق ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ مىننەتدارلىق بىلەن:

— تاغا، ياخشى قىلدىڭىز، — دېدى.

يۇڭلۇق ئادەم ناننى ئوشتۇپ، يېرىمىنى تاش بالىغا سۇندى. شۇ ئەسنادا رىچارد چېدىردىن چىقىپ تاش بالىنى چاقىردى. تاش بالا يۇڭلۇق ئادەمگە:

— تاغا، بۇ نان كۆپ ئەمەسكەن سىز يەڭ، — دېدى ۋە ئاستا كەينىگە بۇرۇلۇپ چېدىرگە يول ئالدى...

چېدىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىككىنە ئۇستەل قويۇلغان بولۇپ ئۇستىدە بىرمۇنچە يېمەك - ئىچمەك تۇراتتى. رىچارد تاش بالىغا:

— ئاۋۋال بۇلاردىن يەپ - ئىچىپ، ئاندىن ئۇخلا! - دېدى.

تاش بالا ئولتۇرۇپ تاماقلىنىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كېتىش پىكرى ئايلىنىپ يۈرەتتى...

تاش بالىنىڭ ئورنى چېدىرنىڭ باش تەرىپىگە راسلانغان ئىدى. ئاياغ تەرىپىگە رىچارد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئادىمىنىڭ ئورنى تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆتۈپ، قېچىپ چىقىش خېلىلا تەس ئىدى. تاش بالا ئۈندىمەستىن بېرىپ ئۆزىگە راسلانغان ئورۇندا ياتتى. بىر ئازدىن كېيىن رىچارد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئادىمىمۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئۆز جايلىرىغا تىقىلىشتى. چېدىرنىڭ ئىشىكىدە رىچاردنىڭ يەنە ئىككى ئادىمى كۆزەتتە تۇردى.

تاش بالا بۇ قاتمۇ - قات توساقلارنى كۆرۈپ، خېلى بىر چاغلارغىچە قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالدى، بىر چاغدا ئىشىكتىكى كۆزەتچىلەر بىر-بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. چېدىر ئىچى ۋە سىرتىدىن خورەك ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تاش بالا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقنى ئويلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، رىچارد ئەپەندىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، ئىشىككە كەلدى. كۆزەتچىلەر تاش بالىنىڭ قاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەكلا قىمىر-

لىشىپ، بېشىنى كۆتۈرۈشتى، تاش بالا يانغا ئۆتتۇۋالدى. كۆزەتچىلەر ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا چالا - بۇلا قاراپ قويۇپلا يەنە خورەككە چۈشۈشتى. تاش بالا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتتى - دە، قاچتى....

جىلغا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، نەدىندۇ سۇنىڭ يېنىك شىلدىرلىشى ئاڭلىنىۋاتاتتى. تاش بالا خېلى ئۇزاپ، تاغ ئېغىزىغا كەلگەندە، بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە قەپەزدىكى كىشىلەر كېلىپ قالدى.

قەپەزدىكى كىشىلەرمۇ ئازادلىققا تەشنا ئادەملەر ئىدىغۇ؟ — دەپ ئويلىدى تاش بالا، — ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشقا بولماسمۇ؟

ئۇ شۇ ئوي بىلەن كەينىگە ياندى. چېدىر ئالدىغا كەلگەندە كۆزەتچىلەر بىر خىلدا ئۇخلىشىۋاتاتتى. تاش بالا قەپەزلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. قەپەزلەرنىڭ ئىشىكلىرى چوڭ قۇلۇپلار بىلەن ئېتىلگەن ئىدى. تاش بالا قۇلۇپلارنىڭ ئاچقۇچىنى تاپماقچى بولدى - دە، كۆزەتچىلەرنى ئاتلىدى، بىراق كۆزەتچىلەرنىڭ بىرسىگە پۇتى تېگىپ كېتىپ، ئۇلارنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇلار تاش بالىنى كۆرۈپ چۆچۈشكەن ھالدا:

— شۇمتەك، نەگە قاچماقچىدىڭ؟ — دەپ ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىدى. چېدىردىكىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئويغىنىپ، ئالمان-تالمان ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— نېمە ئىش؟ — رىچاردغاراك - غورۇك ئاۋازى بىلەن كۆزەتچىلەرگە خىتاب قىلدى.

— خوجايىن، — دېدى كۆزەتچىلەرنىڭ بىرى، — بۇ قاچماقچى بوپتىكەن، تۇتىۋالدۇق.

— نېمە، قاچماقچى؟!

رىچارد كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تاش بالىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ياق، رىچارد ئەپەندى، — دېدى تاش بالا ئىككىلەنمەي تۇرۇپ، — مەن قاچسام قېچىپ كېتەتتىم، لېكىن قاچمىدىم. مەن چېدىردىن چىققىچە ئۇلار مېنى زادىلا تويمىدى، مەن يىراققا بېرىپ نەي چېلىپ كەلدىم. چۈنكى كېچىدە نەي چېلىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— نېمە، نەي چېلىپ كەلدىم؟

رىچاردنىڭ كۆڭلى بىردىن يايراپ كەتتى.

— سىز ئىشەنمەمسىز؟ ئىشەنمىسىڭىز ھەر كېچىسى مەن بىلەن بىللە بولۇڭ، مەن نەي چالىمەن.

— ئىشىنىمەن، ئىشىنىمەن، — دېدى رىچارد قولىنى تاش بالىنىڭ ياقىسىدىن بوشىتىپ، — سەن نەيلا چالساڭ مەن سېنى بەخت - سائادەتكە يەتكۈزىمەن. سېنى ھەرگىز قەپەزگە سولىمايمەن.

— ماقۇل، مەن شۇنداق قىلىمەن.

رىچارد بىردىن كۆزەتچىلەرگە تۇۋلىدى.

— ۋۇ دۆتلەر، چىققاندا تۇتماي، كىرگەندە تۇتۇۋېتىمىڭمۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۇ نەي چېلىشقا چىقىپتۇ.

كۆزەتچىلەر بىر ھازا سوكۇتتە تۇرۇپ

بىر - بىرىگە قاراشتى - دە مۆرىلىرىنى قىسىپ قويۇشتى.

تاش بالا جايىغا بېرىپ ياتتى. رىچارد ئەپەندىمۇ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ قايتا يوتقىنىغا كىردى، باشقىلارمۇ بېرىپ يېتىشتى. كۆزەتچىلەر سىرتقا چىقىپ كەتتى...

تاڭ ئېتىشقا يېقىن تاش بالا يەنە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا رىچارد ئەپەندىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. بىراق ئاچقۇچلار كۆرۈنمىدى، تاش بالا ئۇنىڭ باشقا نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن رىچارد ئەپەندىنىڭ تىللالىرى، سىگارلىرى، دائىم بۇرنىغا ئاپىرىپ پۇرايدىغان چۈشكۈرتۈش دورىلىرى چىقتى. تاش بالا تىت - تىت بولۇپ باشقا يەرلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. بىردىن رىچارد ئەپەندىنىڭ ياستۇقى ئاستىدىكى كىچىككىنە تۆرت چاسا ساندۇقچە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، تاش بالا ئۇنى ئېلىشقا قانچە ھەرىكەت قىلىپ باقسىمۇ زادىلا مۇمكىن بولمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تاش بالا خېلى ئويلىنىپ ئاخىر ئامال تاپتى، ئۇ رىچاردنىڭ چۈشكۈرتۈش دورىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ رىچاردنىڭ بۇرنىغا پۇراتتى. رىچارد بىردەمدىلا ئارقا-ئارقىدىن چۈشكۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەر چۈشكەرگەندە بېشى ياستۇقتىن بىرغېرىچ - بىرغېرىچ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. تاش بالا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساندۇقچىنى ئېلىۋالدى.

كۆپ ئۆتمەي رىچارد بەخۇدۇك ئۇيقۇغا كەتتى. تاش بالا ساندۇقچىنى ئېچىۋىدى، بىر كىچىك خالتا چىقتى. خالتىنى ئېچىپ قارىۋىدى، دەل ئاچقۇچ ئىكەن. تاش بالا خۇشاللىنىپ ئاچقۇچنى ئالدى - دە ئىشىككە باردى. كۆزەتچىلەر ئەمدى ئىشىكنى توراپ ئەمەس، بەلكى چېدىرگە يۆلىنىپ ئۇخلىشىۋاتاتتى.

تاش بالا تىۋۇشسىز چىقىپ توپ - توغرا تۆمۈر قەپەزلەرنىڭ ئالدىغا باردى ۋە بىردىن - بىردىن ئېچىپ ھەممىنى قەپەزدىن چىقىرىۋەتتى. قەپەزدىكىلەر تاش بالىنى ئورۇشىۋالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەم جىددىيلىك ھەم مىننەتدارلىق ئەكس ئېتەتتى.

— رەھمەت، ساڭا تاش بالا، — دېدى يۇڭلۇق ئادەم تاش بالىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، — بىز سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمىز.

— تېز قېچىڭلار، — دېدى تاش بالا جىددىي قىلىپ، — ئۇلار ئويغىنىپ قالمىسۇن.

— سەنچۇ؟ — سورىدى يۇڭلۇق ئادەم.

— مەنمۇ قاچىمەن، ئۆز يۇرتۇمنىڭ گۈزەل دەرياسى بويىدا نېيىمنى چېلىپ، مومام بىلەن تىنچ - خاتىرجەم ئۆتىمەن.

ئۇلار خوشلاشتى، قەپەزدىكى «ئاجايىپ ئادەملەر» كۈن پېتىشقا قاراپ يول ئېلىشتى. تاش بالا ئۇلارنىڭ قارىسى يوتكەندىن كېيىن كۈن چىقىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى...

## قەپەزدىكى ئالمىشىش

گويا ھەيۋەتلىك دولقۇندا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قارا بوران قۇم - توزاڭلارنى ئۇچۇرتاتتى، بىر قولىدا ئېتىنى يېتىلەپ بىر قولىدا كۆزىنى توساپ كېلىۋاتقان ھاپىز باي كىرىۋېلىشقا بىرەر دالدىنىڭ ئۇچرىمايۋاتقانلىقىدىن ناھايىتىمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەممە بالايى - ئاپەتنى كەلتۈرگەن ئاشۇ رىچارد دېگەن ساختىپەز قاچقۇن، — دەپ ئۇنى تىللايتتى.

ئۇ شۇ كۈنى ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتەرگەندە تاڭ ئېتىپ مېھمانخانىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى ۋە يېنىدىكى تىللالارنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ئەلەڭگە چىدىماي ساقىلىنى يۇگدۇغىنىچە:

— خەپ رىچارد، سېنى نەدىن بولمىسۇن تاپمىسام ھاپىز بولماي كېتەي، — دېگەنىدى. ئۇ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن رىچاردنى ئىزلەپ چەكمىگەن جەبىر - زۇلۇمى قالمىدى. كالپۇكلىرى يېرىلىپ، سىڭگا كۆزلىرى ئىچكىرىلەپ، بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ئۇ زادىلا رىچاردنى قوغلاش نىيىتىدىن يانمىدى. بىردەم - بىردەم ئۆزىگە «ئۇنىڭ تىللا»، «ئۇنىڭ تىللا» دەپ مەدەت بېرەتتى، ئەمدى بولسا ئۇ مەدەتنىڭمۇ رولى بولماي قالدى. چۈنكى ئۇ پۈتۈنلەي ماغدۇرسىزلانغانىدى. ئەگەر ئۇ يىقىلسىلا بوران ئۇنى قۇم - توزاڭلار بىلەن كۆمۈۋېتەتتى. ئۇ شۇنى ئويلىۋېدى، بىردىن ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسى چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ بەدىنى ئىختىيارسىز بوشىشىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرى قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئات بېشىنى تولغاپ كەينىگە كېتىپ قالدى. ھاپىز باي ئۇنىڭ كەينىدىن قوللىرىنى سوزۇپ تۇۋلىغىنىچە مېڭىۋىدى يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئۆمىلەپ قوللىرىنى سوزدى. بىراق ئات بىردەمدىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولدى. ھاپىز باي قورقۇنچ ئىچىدە تىزلىنىپ خۇداغا نالە قىلدى.

— ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، ماڭا رەھىم قىل، مېنىڭ جېنىم ئامان قالسۇن. بۇ چۆلدە قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن ئۆزەڭ ساقلىغىن... ئۇلۇغ خۇدا...

ئۇنىڭ نالىسى بوراننىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئارىسىدا ئاللا قاياقلارغىدۇ كەتتى، بوران تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. قۇم - توزاڭلار ئاسماننى بىر ئالغان.... ھاپىز باي ئەڭ ئاخىرقى مادارىنى ئىشقا سېلىۋىدى، بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي يىقىلدى...

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. بىر چاغلاردا بوران پەسەيدى. بۇ يەرگە تاش بالا كېلىپ قالدى. ئۇ كۆمۈلۈپ كېتىشكە ئازلا قالغان ھاپىز باينىڭ دۈمبىسىنى كۆردى. ئۇ بىلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۈستىدىكى قۇملارنى چۈشۈرۈپ ئۇنى تارتىپ چىقتى ۋە ئۇنى كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. ھاپىز بايمۇ كۆزلىرىنى ئەلەڭ - سەلەڭ قىلىپ تاش بالىغا قارىدى ۋە باشقىچىلا جانلىنىپ كەتتى.

— سەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ خىرقىراپ،

— خۇدا يەتكۈزدى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى قايتىدىن يېنىپ، يېرىلغان كالپۇكلىرىدا كۈلكە پەيدا بولدى.

— رىچارد نەدە؟ — دېدى ئۇ قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرنەچچە سەنتۈرۈلۈپ توختاپ، — سەن... قاندا... قانداق قىلىپ قۇتۇلۇۋالدىڭ... ئۇ... ئۇ ئالدامچىدىن؟ ...

تاش بالا ھېچنەرسە دېمەيلا تېزلا يولىغا ماڭدى. ھاپىز باي جىددىيلىشىپ ئۆزىنى تاش بالىغا ئاتتى. ئىككىسى بىللە قۇمغا يىقىلدى، ھاپىز باي بوغۇلۇپ:

— مېنى تاشلاپ نەگە قاچىسەن؟ ماڭا رىچارد كېرەك رىچارد، — دېدى. ئۇ شۇ تاپتا تاش بالىنى رىچاردنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئۇنىڭ تىللانى ئوندۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتاتتى، تاش بالا ھاپىز باينى ئىتتىرىۋېتىپ. ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى — دە، يۈگۈردى. ھاپىز باي ئورنىدىن تۇرۇپ تاش بالىنى قوغلىدى. ئۇ گاھ يىقىلاتتى، گاھ ئۆمىلەيتتى، گاھ «توختا!» دەپ توۋلايتتى. ئۇ ئاخىرى بىرنېمىلەر قىلىپ، تاش بالىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىگىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. تاش بالا ھاسىراپ تۇرۇپ يەردىن بىر سىقىم قۇمنى ئالدى - دە، ھاپىز باينىڭ كۆزىگە چېچىۋەتتى. باي «ۋايجان!» دەپ بىر قولىدا كۆزىنى ئۇۋۇلىغان بولسىمۇ لېكىن يەنە بىر قولىدىكى تاش بالىنى قويۇۋەتمىدى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن بىرمۇنچە قارا - قۇرۇلار كۆرۈندى. ھايال ئۆتمەي بىرنەچچە ئاتلىق ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار رىچاردنىڭ ئادەملىرى ئىدى.

— تاپتۇق، تاپتۇق! — دېيىشتى ئۇلار ۋەھشىلىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

تاش بالا بەكمۇ قورقۇپ كەتتى. لېكىن ھاپىز باي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە خۇشال بولدى.

— مەن تۇتۇۋالدىم، مەن تۇتۇۋالدىم،

— بۇلارنى باغلاڭلار، — دېدى ئاتلىقلارنىڭ ئىچىدىكى چارلىز.

ھايت - ھۇيت دېگىچە ھاپىز باي بىلەن تاش بالا باغلاندى. باي قارشىلىق قىلىپ:

— سىلەر نېمىشكە مېنى باغلايسىلەر؟ تاش بالىنى مەن تۇتۇۋالدىم، مەن رىچاردنىڭ دوستى! — دەپ توۋلىدى.

لېكىن رىچاردنىڭ ئادەملىرى قىلىچە پەرۋا قىلمىدى، ئۇلار بىر ئاتنى بوشىتىپ باي بىلەن تاش بالىنى بىر - بىرىگە چىگىپ چېتىپ ئاتقا ئولتۇرغۇزدى - دە، ئاتلارنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى....

× × ×

چېدىر ئالدىدىكى يوغان دەرەخكە يۈڭلۈق ئادەم باغلانغانىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن تامچىلىغان قان بەدىنىدىكى قويۇق يۈڭلارنى قىپ-قىزىل قىلىۋەتكەنىدى. رىچارد ۋە ئۇنىڭ مەيدىسى تۈكلۈك، بېشى تېڭىلغان بىر ئادىمى نۆۋەت بىلەن يۈڭلۈق ئادەمگە قامچا سېلىۋاتاتتى.

ئەسلىدە قەپەزدىكىلەر قېچىپ كۆپ

بارمايلا تاك ئېتىپ قالىدۇ-دە، ئارقىدىن رىچاردنىڭ ئادەملىرى قوغلاپ كېلىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن يۇڭلۇق ئادەم باشقىلارنى قاچۇرۇۋېتىپ ئۆزى بىر تۆپىلىككە چىقىپ رىچاردنىڭ ئادەملىرىگە تاش ئاتىدۇ... بىر مەھەل كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن رىچاردنىڭ ئادەملىرى ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ...

رىچارد غەزەپلىنىپ يۇڭلۇق ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى يۇڭلارنى يۇلۇشقا باشلىدى:

- ئېيتامسەن، ئېيتماسەن؟ تاش بالا قاياققا قاچتى، باشقىلار قاياققا قاچتى!

يۇڭلۇق ئادەم ناھايىتى ئازابلاندى. لېكىن ھېچنەرسە دېمىدى. رىچارد تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ يېنىدىن پىچاقنى چىقاردى-دە، يۇڭلۇق ئادەمنىڭ بەدىنىنى تىلماقچى بولدى، دەل شۇ پەيتتە دۈپۈرلىگەن ئات تىۋىشى ئاڭلاندى، رىچارد ۋە ئۇنىڭ ئادەمى دەرھال كەينىگە قارىۋالدى. يۇڭلۇق ئادەممۇ گويا بىر نەرسىدىن ئەندىشە قىلغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ يولغا تىكىلدى...

ھايال ئۆتمەي تاش بالا بىلەن ھاپىز باينى تۇتۇپ قايتقان رىچاردنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلدى. تۇتقۇنلار ئاتتىن چۈشۈرۈلدى، تاش بالا بىلەن يۇڭلۇق ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى-دە، ئەھۋالنى چۈشىنىشتى. رىچارد تاش بىراق بالىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ھاپىز باينى كۆرۈپلا ئەرۋاھى ئۇچتى.

— ھۆرمەتلىك باي ئەپەندى، سىز چوتنى خام سوقماك — دېدى رىچارد تەرىنى تۈرۈپ، — سىز مېنىڭ ئەسىردىم بولۇپ قالىدىغىنىڭىزنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيتىڭىز؟!

— نېمە دەۋاتىسىز، جانابى رىچارد ئەپەندى؟ — دېدى ھاپىز باي باغلاق پېتىچە، — سىز مېنى مەس قىلىپ قويۇپ كەتكىنىڭىز بىلەن تاش بالىڭىز يەنە مېنى ئىزدەپ تاپتى. بىراق مەن دوستلۇق ئۈچۈن ئۇنى سىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمدا...

— بولدى، بولدى، — رىچارد ھاپىز باينىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلاپ يېنىدىن سىگارىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سەرەڭگە ياقتى، — سىزنىڭ مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ.

ھاپىز باي ئۇنىڭغا قاتتىق تەگمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ تېخىچە باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى ئويلاپ نىيىتىدىن يانىدى.

— رىچارد ئەپەندى، سىز بىزنىڭ دوستلۇقىمىز ئۈستىدە كۆپ سۆزلەيتتىڭىز، ئەگەر گېپىڭىز راستلا بولسا مېنى يېشىۋېتىڭ.

— يېشىۋېتىڭ؟ — رىچارد قاقاھلاپ كۈلدى، — نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز باي ئەپەندى، بىلەمسىز، سىزنى تىرىك قويۇش مەن ئۈچۈن خەۋپ.

— نېمە دەۋاتىسىز، ...سىز... سىز...

باينىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن غەلىتە ئوتلار چاقناپ كەتتى. رىچارد شېرىكلىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئىككەيلەن ئۇنى تاش

بالىدىن ئاجرىتىپ تىزلاندۇردى.

— رىچارد سەن ... — باي بۇغۇلۇپ سۆزلىدى، — سەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلساڭ خۇدا جاجاڭنى بېرىدۇ.

— ھا ... ھا ... ھا، ئەخمەق، خۇدا كىمنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغانلىقىنى ھازىر كۆرىسەن، — رىچارد ئۆز ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلدى، — بۇ ئەبلەخ ئۆز دەرگايىغا ۋاقتىدا بارسۇن، ئۇنى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار!

رىچاردنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ ئادەملىرى ھاپىز باينى دارىلدىتىپ سۆرەپ نېرىراقتىكى بىر دەرەخنىڭ قېشىغا ئاپاردى ۋە ھايت-ھۇيت دېگۈچە دار تەييارلىدى. ھاپىز باي غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى، ئۇ قانداقلا قىلغان بىلەن بەربىر ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى-دە، ئاۋازىنىڭ بېرىچە توۋلاشقا باشلىدى:

— ئالدامچى رىچارد، قاراقچى رىچارد، ئىت نەسلىدىن بولغان بۇلاڭچى رىچارد...

رىچارد بۇ ئاھانەتلىك سۆزلەرگە چىداپ تۇرالماي دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ باشلىرىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ھاپىز باي تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، رىچاردقا ئېتىلدى. رىچاردنىڭ ئادەملىرى ئۇپۇر-تۇپۇر قىلىپ قېلىچ-قامچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھاپىز باي بىلەن بولۇپ قالدى.

تاش بالا بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دەرھال چېدىرگە كىردى. ئۇ ئۇپاق-بۇياققا كۆز يۈگۈرتۈپ رىچاردنىڭ سومكا-ساندۇقلىرى ئۈستىدە تۇرغان شەمشەرنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنى ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى. بىراق ئۇنىڭ قولى ئارقىغا قىلىپ، بېغىشىدىن باغلانغىنى ئۈچۈن، قانچە قىلىپمۇ شەمشەرنى ئالالمىدى. ئاخىرى ئۇ تۇگۈلۈپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئىگىپ، بېغىشىنىڭ ئاغرىپ كەتكىنىگىمۇ قارىماي قولىنى پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا قىلدى... شەمشەر قولىغا چىقتى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە يۈكلۈك ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تاغا بىز قاچايلى، — دېدى ئۇ جىددىي قىلىپ.

يۈكلۈك ئادەم ئالاقزادىلىق بىلەن رىچاردلارغا قارىدى. ھاپىز باي تېخىچە تىركىشىۋاتاتتى.

— تېز بول! — دېدى يۈكلۈك ئادەم تاش بالىغا.

تاش بالا دەرھال دەرەخنىڭ ئارقىغا ئۆتۈپ، يۈكلۈك ئادەمنىڭ باغلىغىغا شەمشەرنى سۈركىدى، يۈكلۈك ئادەم كۈچەپ بىر-ئىككى قىمىرلىۋىدى، ئاغامچا شەمشەر تەككەن يېرىدىنلا ئۈزۈلدى.

ئۇ چاققىچە ھاپىز باي دارغا ئېسىلىپ، كۆزلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرگۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ قالغانىدى.

يۈكلۈك ئادەم ئاغامچىدىن بوشىنىپ، شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ، تاش بالىنىڭ باغلىغىنى كەسكىچە رىچارد كۆرۈپ قالدى:

— ئۇنى تۇتۇپ باغلاڭلار ، رىچارد تۇۋلى-
غىنىچە ئوقتەك ئېتىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى
رىچاردنىڭ شېرىكلىرىمۇ ئاچ قالغان
بۆرىلەر قويىنى كۆرگەندەك يۈگۈرۈشۈپ كې-
لىشتى ۋە يۇڭلۇق ئادەمنى قورشىۋالدى .
يۇڭلۇق ئادەم ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى قام-
چا، قىلىچ ۋە پىچاقلارغا شەمشەرنىڭ تا-
قابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ، نېرى-
راقتا تۇرغان ئۇزۇن چوماققا يۈگۈردى .
ئويۇقسىز ئۇنىڭ دۈمبىسىگە « ۋارس »
قىلىپ قامچا تەگدى . يۇڭلۇق ئادەم شۇ
قەدەر غەزەپكە كەلدىكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى-
دىن رىچارد ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ
ئۆلۈمناسى روشەن ئەكس ئەتتى . ئۇ
چوماقنى ئېلىپلا دەھشەتلىك چوقان كۆتەر-
گىنىچە ئالدىغا يۈگۈردى ۋە رىچاردنىڭ
ئادەملىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ خۇددى قو-
ناق سوققاندەك ئۇرۇشقا باشلىدى . چار-
لىز قاتتىق ئاياق زەربىدىن يەرگە دۈم
چۈشتى . ئۇ قىلىچىنى تاشلاپ قاچماقچى
بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە يەنە بىر چو-
ماق تەگدى . ئۇنىڭ ئاغزىلىرىدىن بۇل-
دۇقلاپ قان چىقىپ ، توڭگۇزدەك خارتىل-
داپ ياتقىنىچە قايتا بېشىنى كۆتەرمىدى .
بۇنى كۆرگەن رىچاردنىڭ ئادەملىرى سا-
راسىمىگە چۈشۈپ ، تەرەپ - تەرەپكە ئۆزىنى
تاشلىدى . لېكىن رىچارد دەرەخنىڭ كەي-
نىگە ئۆتۈپلا تاش بالىنى تۇتىۋالدى -
دە ، سۆرىگىنىچە ئاپىرىپ تۆمۈر قەپەز-
گە سولاپ ئىشىكىنى قۇلۇپلىۋالدى . تاش
بالا تۇۋلىدى . يۇڭلۇق ئادەم كەينىگە
ئۆرۈلدى ، رىچارد چاققانلىق بىلەن تا-
ياق زەربىدىن ئۇچۇۋاتقان چارلىزنىڭ
قىلىچىنى ئېلىۋالدى . لېكىن ئۇنىڭ پۇت-
قوللىرى غالىلداپ تىترەيتتى . يۇڭلۇق
ئادەم ئۇنىڭغا ئېتىلدى . رىچارد قىلىچى-
نى ئۇنىڭ چومىقىغا تۇتۇپ بەردى . چو-
ماق ئوتتۇردىن ئىككى بولۇپ كەتتى .
رىچاردنىڭ قىلىچىمۇ تاراڭگىدە قىلىپ
ئۇچۇپ قەپەزنىڭ يېنىغا چۈشتى . يۇڭلۇق
ئادەم رىچاردنىڭ گېلىغا قول سېلىۋىدى ،
رىچارد بېشىنى قاچۇردى . ئۇنىڭ ساقى-
لى يۇڭلۇق ئادەمنىڭ قولىغا چىقىپ قالدى .

— ۋايجان ، ۋاي ساقىلىم ! — دەپ تۇۋ-
لىدى رىچارد كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ .

- تاغا ، ئارقىڭىزدىن ئالۋاستى كەلدى !

— دەپ تۇۋلىدى تاش بالا بىردىنلا .

يۇڭلۇق ئادەم ، رىچاردنى قويۇۋېتىپ
كەينىگە ئۆرۈلدى ۋە ئۆزىگە سېلىنىشقا
تەييارلانغان پىچاقنى كۆردى . ئۇ چەبدەس-
لىك بىلەن ، پىچاق كۆتەرگەن ئەبلەخ-
نىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ، قايرىدى ، ئۇنىڭ
قولىدىن پىچاق چۈشۈپ كەتتى . يۇڭلۇق
ئادەم ئەمدى ئۇنىڭ گېلىدىن ئالدى ۋە
سىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويدى ...

رىچارد قىلىچىنى ئېلىش ئۈچۈن قەپەز-
نىڭ قېشىغا كەلدى ، ئۇ شۇنداق ئېگى-
شىشىغا تاش بالا كاپلا قىلىپ ئۇنىڭ كو-
كۇلىسىدىن ئالدى ۋە قويۇۋەتمەي كۆچەپ
تارتتى . بىر چاغدا ئۇنىڭ قولىدا رىچارد
نىڭ بىر تۇتام چېچى قېلىپ ، رىچارد
ئالدىغىلا دۈم چۈشتى . ئۇنىڭ پىشانىسى

يەردىكى تاشقا تېگىپ يېرىلدى، ئۇ ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالدى.

يۇگلۇق ئادەم بارغىنىچە قىلىچىنى ئالدى ۋە ئاتقا چىقتى، رىچاردنىڭ ئاتلىق قاچقان ئىككى ئادىمىنى قوغلاپ كەتتى...

بىر چاغدا ئۇ يارىلانغان ھالدا پىيادە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەزايى - بەدىنىدىن توختىماي قان چىقىۋاتاتتى. ئۇ قەپەز ئالدىدا تېخىچە قوپالماي ياتقان رىچاردنى پۇتى بىلەن تۇرتتى، رىچارد كۆزلىرىنى ئەستە ئاچتى ۋە يۇگلۇق ئادەمنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ دەرھاللا كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— تۇر ئورنىڭدىن! — دېدى يۇگلۇق ئادەم ئۇنى يەنە تۇرتۇپ غەزەپ بىلەن.

رىچارد بىردىنلا بەدىنىگە سوغۇق سۇ چاچراپ كەتكەندەك ئەندىكىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ، تىزلاندى.

— مەن جىنىمنى تىلەيمەن... مەن جىنىمنى تىلەيمەن.

رىچاردنىڭ كۆزلىرى قەلبىدىكى ۋەھىمىنى روشەن ئىپادە قىلىپ ساقىدەك بىر ئورۇندا تۇرمايتتى.

— قەپەزنى ئاچ! — خىتاب قىلدى يۇگلۇق ئادەم.

رىچارد ئالدىراپ يېنىنى ئاقتۇردى، لېكىن ئاچقۇچ چىقمىدى.

— بۇ ئۆلگۈر ئاچقۇچ نەگە كەتتى، نەگە كەتتى، نەگە چۈشۈپ قالدى؟...

رىچارد پەرىشان بولغىنىچە بىر تەرەپتىن يانلىرىنى ئاقتۇرۇپ بىر تەرەپتىن ئۆمىلەپ يەرنى ئىزدىدي.

بىر چاغدا ئۇ قانغا مىلىنىپ ياتقان چارلىزنىڭ قېشىغا بېرىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكىدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

— خۇدا مېنى ئۆزەڭ ساقلا! — دېدى رىچارد كۆزىنى يۇمۇپ.

— ئاچقۇچ! — دەپ تۇۋلىدى يۇگلۇق ئادەم.

رىچارد چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى ۋە يەنە ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاخىر بىر تاش تۈۋىدە تۇرغان ئاچقۇچنى كۆردى.

— بۇ يەردىكەن، بۇ يەردىكەن! — دېدى ئۇ ئۆمرىدە ئۇشتۇمتۇت زور بايلىققا ئېرىشكەندەك ھاياجان بىلەن ئاچقۇچقا ئۆزىنى تاشلاپ...

رىچارد قەپەزنى ئاچتى. تاش بالا ئازاد بولدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— تاغا سىز يارىلىنىپسىز، قان چىقىۋاتىدۇ، — دېدى تاش بالا يۇگلۇق ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىپ.

يۇگلۇق ئادەم رىچاردقا قارىدى، رىچارد تەمتىرىگىنىچە تۇراتتى.

— كىيىمىڭنى سال! — دېدى يۇگلۇق ئادەم رىچاردقا.

بۇ، بۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن! — رىچارد تولىمۇ بىچارىلەندى.

— كىيىمىڭنى سال!

يۇگلۇق ئادەم غەزەپ بىلەن تۇۋلىدى. رىچارد قاتتىق چۆچۈپ غال - غال تىترەپ كەتتى - دە، قارشىلىق بىلدۈرەلمەي كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدي.

— قەپەزگە كىر!

— ھە، قەپەزگە؟!

يۇڭلۇق ئادەم ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى. رىچارد ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ قانداقلارچە قەپەزگە كىرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالدى، ئىشىك تاراقلىدە قىلىپ تاقالدى، رىچارد توۋلىۋەتتى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار، مېنى چىقىرىۋېتىڭلار، مەن ... مەن بارلىق بايلىقىمنى بېرەي ... ئونمىڭ تىللا، يۈزمىڭ تىللا ...

يۇڭلۇق ئادەم ئاچچىقچىقا بىر قارىۋېتىپ، نەگىدۇ، بىر ياققا چۆرىۋەتتى. رىچاردنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئۆلۈك ئادەمنىڭكىدەك نۇرسىزلىنىپ كەتتى.

— مېنى بۇنداق تاشلاپ قويغىچە ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!

رىچاردنىڭ ئاۋازى تاغ جىلغىسىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. يۇڭلۇق ئادەم تاش بالىغا كولۇمسىرەپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھالسىزلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى.

— تاغا، سىز، سىز ...

— ياق، مەن سېنى ئۇزىتىپ قوياي.

يۇڭلۇق ئادەم تاش بالىغا ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. تاش بالا بىردەم - بىردەم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قوياتتى. بىر چاغدا يۇڭلۇق ئادەم بولالماي قالدى. تاش بالا ئۇنى يۆلىۋالدى. ئۇلار بىر ئېرىق بويىغا كەلگەندە:

— مېنى ياتقۇزۇپ قوي، — دېدى يۇڭلۇق ئادەم ئارانلا.

تاش بالا ئۇنى ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. لېكىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

— نېمىشكە يىغلايسەن؟ بىز ئازاد بولدۇق، قەپەز رىچاردقا قالدى. ئۇنىڭ باشقا ئادەملىرى جاجىسىنى يېدى. سەن ئەمدى خەتەرسىز موماڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، گۈزەل دەريا بويىدا تىنچ - خاتىرجەم ئۆتىسەن.

— تاغا، سىز ... سىز ئۆز يۇرتىڭىزنى ...

يۇڭلۇق ئادەم كولۇمسىرەپ تاش بالىنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى.

— يىغلىما، مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، نېيىڭنى چېلىپ بەرگىن، مەن ئۇنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان.

تاش بالا يىغلاپ تۇرۇپ نېيىنى قولىغا ئالدى ۋە چېلىشقا باشلىدى. كۆكۈش نۇر زېمىننى گۈزەللىككە پۈركىدى ........

يۇڭلۇق ئادەم نۇر ئىلكىدە تاش بالا بىلەن ۋىدالاشتى .....................

## خۇشاللىق

شەھەر سىرتىدىكى كۆۋرۈك بېشى بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولدا ھارۋىلىقلار، ئېشەكلىكلەر يولنى توسۇۋالغان ئادەملەرنى پوش - پوشلاپ كېتىۋاتاتتى. لەمپىلىك ئاشخانا ۋە چايخانىلارنىڭ ئالدى خېرىدارلارغا قارىغاندا، پاراڭچىلارغا تولغانىدى.

تاش بالا بۇ يەرگە ناھايىتى ئۇسساپ يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ قىزىقىشىنە بىر پىيالە چاي ئىچكۈسى بار ئىدى. بىراق يېنىدا چاي ئېلىپ ئىچكىدەك بىر تىيىنمۇ

پۇلى يوق ...... ئۇ بىردەم تۇرۇپ باقتى. كېيىن چايچىغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تەمشىلىشىگە، پاراڭچىلارنىڭ بىرسى ھاپىز باي ئۈستىدە سۆزلەپ قالدى.

— شەھەردىكى ھەممە ساتارمەنلەر ئۇ زالىم باينىڭ يوقالغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشالكەن، بىراق پادىشاھ ئەسكەر چىقىرىپ ئۇنى ئىزدەۋېتىپتۇ ......

— ئۇنى ئىزدەپ نېمە قىلىدىكەن، — سورىدى مەيدىسى ئۇچۇق ئورۇق بىرسى.

— نېمە قىلاتتى، تۇتۇپ ئەكىلىپ تاش بالىنى تاپتۇرىدۇ، تاپالمىسا مۇساۋايدەك زىنداندا ياتىدۇ.

— مۇساۋايمۇ زىنداندىمىكەن؟

— ھەي ... ئۇ راستىنى ئېيتقاندا لىللا ئىش قىلىدىغان توغرا نىيەتلىك ئادەم ئىدى. پادىشاھمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكىلى تۇردى، ئەسلىدە ئۇ تاش بالىنى تاش يېتىدە ھاپىز بايدىن ئەپتىكەن، پادىشا تاش بالىنى تاپالماي ئاخىرى گۇمانلىق دېيىلگەنلەرنى ھەتتا تاش بالىنى كۆردۈم دەپلا قويغانلارنى... ھەممىسىنى تۇتۇپ سولىغىلى تۇرۇپتۇ. شۇ قاتاردا مۇساۋايىمۇ تۇتقۇن بوپتۇ، ئۇ تاش بالىنى قايتا كۆرمىدىم دەپ قەسەم ئىچسىمۇ پادىشاھ ئىشەنمەپتۇ ........

— بۇ تاش بالا دېگەن نەرسە يۇرتقا بالايى - قازا ئېلىپ كەپتۇ - دە ... ؟!

— بىچارە مۆمىنلەر زىنداندا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ ؟! ... ...

ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇ دېيىشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى تاش بالىنىڭ زادىلا قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ ئېسى - يادى پادىشاھ تۇتقۇن قىلغان بىلگۇنا كىشىلەردە قالدى، ئۇ چاي ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇدى - دە، دەرھال يولغا چۈشتى ۋە توپ - توغرا پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا باردى.

ئوردا ئالدىدا قاتمۇ - قات نۆكەرلەر تۇراتتى. ئۇلار تاش بالىنى ئوردا دەرۋازىسىغا يېقىنمۇ كەلتۈرۈشمىدى. تاش بالا ئاخىر:

— مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار، مەن پادىشاھ ئىزدىگەن تاش بالا بولىمەن، — دېدى.

نۆكەر بېشى تاش بالىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستى - بېشىغا قارىدى ۋە تاش بالىنىڭ ئۈستى - بېشىدىكى توپا - چاڭلارنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلدى، ئاندىن:

— شۇمتەك، كىمنى ئەخمەق قىلماقچىسەن، ساڭا ئالدىنىدىغان ئادەم يوق، ماڭ بېرىپ ئويۇنىڭنى ئوينا، — دېدى.

تاش بالا قانداق قىلىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. نۆكەر بېشى ئۇنىڭغا غەزىپ بىلەن خىتاب قىلدى.

— ھەي ھاڭۋاقتى، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، مەن سېنى كەت دەۋاتىمەن، زىنداندا ياتقۇڭ بارمىدى - يە ؟!

تاش بالا بىردىن جانلىنىپ كەتتى.

— ھە، مېنىڭ زىندانغا كىرگۈم بار، مېنى ئەكىرىپ قويۇڭلار!

نۆكەر بېشى تاش بالىنى چوقۇم كالىسى ئايلىنىپ قالغان ساراڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى - دە، ئۇنى

چاپسانراق كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن نۆۋ-
كەرلەرگە:

— بۇنى يىراققا ئاپىرىۋېتىڭلار، — دەپ
بۇيرۇق قىلدى. نۆۋكەرلەر شۇ زاماتىلا
بالىنىڭ تىپىرلاپ قارشىلىق قىلغى-
نىغىمۇ قارىماي ئۇنى كۆتۈرۈپ نېرىراقتى-
كى بىر ئۆستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاپىرى-
ۋېتىپ كېتىپ قالدى.

تاش بالا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئور-
دا تامان ماڭدى. ئۇ يولغا چىقىشىغا
يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاڭلارنى
كۆردى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئال-
دى. ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىدىن
ئاۋۋال ئاتلىق لەشكەرلەر، ئاندىن لەش-
كەرلەر ئادەم تۇتۇپ ئېلىپ ماڭىدىغان
تۆت - تەرىپى شادىلىق ئۈچ ئات قوشۇل-
غان ھارۋا، ئاخىرىدا يەنە ئاتلىق لەش-
كەرلەر، ئەڭ ئاخىرىدا بىر توپ خالايىق
ئۆتۈشۈپ كەتتى. تاش بالا خالايىقنىڭ
توپىغا قوشۇلدى.

كۆپچىلىك پادىشاھ ئوردىسى ئالدىغا
بارغاندا توختاشتى. لەشكەرلەر
ھارۋىدىن بىر مومايىنى ئېلىپ چۈشتى.
تاش بالا ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز:
— موما! موما! — دەپ توۋلاپ ئالدى-
غا ئېتىلدى. بىراق ئادەملەر كۆپ بول-
غاچقا، كىشىلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ ئالدىغا
بېرىشقا مۇمكىن بولمىدى. كىشىلەرنىڭ
نارازىلىق چۇقان - سۈرەنلىرى ئارىسىدا
مومايمۇ تاش بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيال-
مىدى.

لەشكەرلەر مومايىنى ئېلىپ كىرىشىپ

كېتىشتى. تاش بالا چىداپ تۇرالماي
كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— تاغىلار، تاغىلار، تۇتقۇن قىلىنغان
مېنىڭ مومام بولىدۇ، يولنى ئېچىۋېتىڭ-
لار، مەن ئالدىغا ئۆتۈۋالاي .........

جامائەتچىلىك ئىچىدە بىردىن غۇل-
غۇلا كۆتۈرۈلدى.

— بۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟
— بۇ تاش بالا بولمىسۇن يەنە...
— ئۇنىڭ ھېچيېرى تاشقا ئوخشى-
مايدىغۇ؟
— بۇ ساراڭ ئوخشايدۇ...
— ...............

كىشىلەر شۇنداق دېيىشسىمۇ، لېكىن
يولنى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بەردى. تاش
بالا ئالدىغا ئۆتۈپ دەرۋازىغا يۈگۈردى.
نۆۋكەرلەر يۈگرۈشۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇ-
ۋالدى ۋە «بايىقى ساراڭ بالىكەن» دېيى-
شىپ غەزەپ بىلەن ئۇنى ئىتتىرىپ خا-
لايىقنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىۋېتىپ قايتتى.
تاش بالا يەنە ئالدىغا ماڭدى. نۆۋكەر-
لەر قېلىچىنى يالىڭاچلىتىپ ئۇنىڭغا ھەي-
ۋە قىلدى.

تاش بالا توختاپ قالدى. چۈنكى
بۇنداق قىلىپ ئوردىغا كىرەلمەيدىغانلىقى-
غا ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن ئىدى. ئۇن-
داق ئويلاندى، بۇنداق ئويلاندى، بىردىن
نەي چېلىش ئەقلىگە كەلدى. ئۇ نەيى-
نى چىقىرىپ كالپۇكلىرىغا ئاپاردى - دە،
چېلىدى ...... نەيدىن شۇنداق ئاجايىپ كۈي
ياڭرىدىكى يىغىلغان خالايىقمۇ، نۆۋكەرلەرمۇ
تاڭ قالدى. چېچىلىۋاتقان كۆكۈش نۇر

پۈتكۈل شەھەرگە تەڭداشسىز گۈزەللىك بە-
خش ئەتتى. بارلىق كىشلەر قىلىشۋاتقان
ئىشلىرىنى تاشلاپ ئوردا ئالدىغا ئاقتى...
ئىختىيارسىز ئوردا دەرۋازىسى ئېچىـ
لىپ شاھ ۋە ئوردا ئەھلى چىقىشتى.
تاش بالا پەقەت شۇ چاغدىلا نەي چې-
لىشتىن توختاپ شاھ ئالدىغا كەلدى ۋە
ئەدەب بىلەن شاھقا سالام بەردى، ئان-
دىن:

— ھۆرمەتلىك شاھى جاھان؛ شەپقەت
قىلىپ مېنى ئادەم قىلىپ ياسىغان مۇسا
تاغامنى، مېنى بېقىۋالغان مومامنى ۋە
باشقا بارلىق تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىش-
لىرىنى سورايمەن. ئۇلار گۇناھسىز ياخ-
شى ئادەملەر، — دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بېشى-
دىن ئۆتكەن بارلىق سەرگۈزەشتىسىنى
سۆزلەپ بەردى.

پادىشاھ تاش بالىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە
ئۆز ئېلىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن
قاتتىق تەسىرلەندى.

— ھەي خىسلەتلىك تاش بالا، — دېدى
پادىشاھ خۇرسەن بولغان ھالدا، — سېنىڭ
سەرگۈزەشتىڭ يۇرت ئەھلىنىڭ تىللىرى-
دا داستان بولغۇسى، مەن سېنىڭ چەك-
كەن جەبىرى - جاپالىرىڭ ئۈچۈن سېنى
بەختلىك قىلىمەن، مەرھەمەت، مېنىڭ
ئوردامدا مەڭگۈ راھەت - پاراغەتتە ئو-
مۇر سۈرگەيسەن.

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، — تاش بالا
تۆۋەنچىلىك بىلەن جاۋاپ قايتۇردى، —
سېپىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، مەن
ئۆز مومام بىلەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدى-
غان دەريا بويىدا ياشاشنى خالايمەن،
دەريا مېنىڭ ماكانىم، ئۇ مېنى ۋە ماڭا
ئوخشاش مىليونلارنى ئۆزىنىڭ يېقىملىق
شاۋقۇنى بىلەن خۇشال قىلىدۇ، شەربەت-
لىك سۈيى بىلەن ياشنىتىدۇ... رۇخسەت
قىلغايلا.........

شاھ بالىنىڭ سۆزىدىن ئېغىمۇ تەسىر-
لەندى. ئۇ تاش بالىنىڭ ئارزۇسىغا خى-
لاپ ئىش قىلىشنى ئادالەتسىزلىك دەپ
ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى ۋە
بارلىق تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلىشقا پەر-
مان چۈشەردى.........

ئوردا ئالدى تەنتەنىگە چۆمدى، تۇت-
قۇنلار ئۆز ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن
خۇشال كۆرۈشتى. تاش بالا بەختلىك
ھالدا موممىسىنى قۇچاقلىدى، مۇساۋايمۇ
تاش بالىنى باغرىغا باستى...

يۇرت ئەھلى يولىنىڭ ئىككى تەرىپىدە
تۇرۇپ تاش بالا بىلەن مومايىنى ئۇزىـ
تىپ قويدى......

دەريا خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆركەشلەيتـ
تى... زېمىن نۇر ئىلكىدە چاقنايتتى...

# زويا

## نازىم ھىكمەت

(داستان)

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر تەرجىمىسى

تۈركىيە خەلقىنىڭ تالانتلىق شائىرى ۋە دراماتورگى نازىم ھىكمەت 1902 - يىلى تۈركىيىنىڭ سالانىكى شەھىرىدە بىر گېنېرال گۇبېرناتور ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

شائىر كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، 1923 - يىلىدىن 1936 - يىلغىچە 13 يىل تۈرمىدە ياتقان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ تىنچلىق - دېموكراتىيە ۋە ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن 1938 - يىلى ھەربىي دېڭىز سوتى تەرىپىدىن يەنە 35 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، تۈركىيىنىڭ بۇرسا دېگەن يېرىدە زىندانغا تاشلانغان.

نازىم ھىكمەت زىنداندا ياتقان مەزگىللىرىدە ئۆز تالانتىنى تېخىمۇ نامايان قىلىپ، فاشىزمغا قارشى كۈرەشنى، ئازادلىقنى، ھۆرلۈكنى كۈيلەپ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يازغان. «زويا» داستانى شائىرنىڭ زىنداندا يازغان داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بىرى. بۇ داستان ئەينى يىللاردا بىرقانچە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ تا بۈگۈنگىچە مەيلى مەزمۇنى ياكى بەدىئىي جەھەتتىن بولمىسۇن ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەن بۇ داستاننى تۈركچە «نازىم ھىكمەت ئەسەرلىرى»نىڭ 4 - تومىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقتىم.

تەرجىمە قىلغۇچىدىن

كەلدى قىستاپ دۈشمەن لەشكەرى،
ياكروما ھەم تۈلا تەرەپكە.
چۈشتى ياۋنىڭ دىققەت كۆزلەرى،
جەڭ مەيدانى ـ ئالدىنقى سەپكە.
پېتىربىشىۋتا، ۋىرا بويىدا،
قېلىن قارلىق ئاپئاق دالىدا.
فاشىستلار، يىرتقۇچ بۆرىلەر،
ياش بىر قىزنى ئېسىشتى دارغا.
بۇ سەبى قىز ـ بويىغا يەتكەن،
موسكۋالىق جەسۇر پارتىزان.
ۋەتەن سۆيگەن، ھەققە ئىشەنگەن،
كۆكرەك كېرىپ جەڭگە ئاتلانغان.
سىرتمىقىدا بوغۇلدى دارنىڭ،
ئۇنىڭ نازۇك، ئىنچىكە بويىنى.
«ئۇرۇش ـ تىنچلىق» ۋاراقلىرىدەك،
پۇلاڭلىدى ئاپئاق قوللىرى.

× ×

كېسىلدى پېتىربىشىۋتا تېلېفون سىملىرى،
نېمىس ئاتخانىسى ياندى يالقۇنلاپ.
ئون يەتتە ئارغىماق كۆل بولدى كۆيۈپ،
بىراق تاڭ ـ سۈبھىدە، نىشان ئالدىدا.
پارتىزان قىز قالدى تۇتۇلۇپ...
مۇڭغا چۆمدى كۆكتىكى يۇلتۇز.
ياش يۈرەككە تولدى زەرداپ، قان.
بېنزىن تولغان نەچچە بوتۇلكا،
ياتار ئىدى چېچىلىپ ھەريان.
تۇتاشمىدى ياققان سەرەڭگە،
ئېتىلمىدى تاپانچا ھەتتا.
نازۇك قوللار ماتالدى شۇئان،
ئۇرۇپ، ھەيدەپ ماڭدى سوراققا.

× ×

مۆرىسىگە خالتا ئېسىلغان،
كالتە جۇۋا كىيگەن ئۈستىگە.
قولاقچىسى، ئەپچىل پىيمىسى،
ھۆسن قوشقان ئۇنىڭ ھۆسنىگە.
سولداتلارمۇ قېلىشتى ھاڭ ـ تاڭ،
ھەر تەرەپتىن كېلىپ قارىشىپ.
گۈل چىراي قىز تۇراتتى تەمكىن،
فاشىستلارغا غەزەپلىك بېقىپ...

× ×

قاينار ئىدى ئۆينىڭ ئىچىدە،
بىر ساماۋەر ئاستا گىژىلداپ.
تۇرار ئىدى ئۈستەل ئۈستىدە،
بىر بوتۇلكا ياپ-يېشىل كونياك.
تۇرار ئىدى بەش دانە كەمەر،
تۇراتتى ھەم يالغۇز تاپانچا،
چېچىلغانتى نان ئۇۋاقلىرى،
تۇراتتى ۋە ئاشقان كولباسا...

. . . . . . . . . . . . .

ئۆي ئىگىسى ھەيدەلگەن ئىدى
ئاشخانىغا تىل ـ تاياق بىلەن.
چىراغ ئۆچكەن، ئەتراپ قاراڭغۇ،
ئوچاقتا ئوت يانار گىرىمسەن...
تولغان ئىدى ئاشخانا ئىچى
سوۋاركىنىڭ تونۇش ھىدىغا.
ئولتۇراتتى سىغدىلىپ ئۇندا،
نوۋاي، موماي، بىر ئوغۇل بالا.
ئولتۇراتتى چىل بۆرىلەردىن،
قاچقان قويدەك ئۈركۈشۈپ گويا.
قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ شۇ تاپ،
ئاڭلىناتتى مۇنداق بىر سادا:
«بىلمەيمەن»
«ياق!»
«ئېيتمايمەن!»

«ئۆلتۈرسەڭمۇ ئېيتمايمەن ئەسلا!»
پارتىزان قىز غەزەپ ئىلكىدە،
شۇ ئۈچ سۆزنى ئېيتاتتى تەكرار.
ئۇنىڭ قەلبى، پۈتكۈل ھاياتى،
شۇ ئۈچ سۆزدىن بولاتتى ئىزھار.
روشەن ئىدى بۇ سۆز قۇياشتەك،
شۇنچە دەل ۋە شۇنچىلىك راۋان.
ياغسىمۇ گەر مۇدھىش تىل - تاياق،
غىڭ قىلماستىن تۇراتتى پالۋان.
چىقسىمۇ گەر قىزىل قان چاچراپ،
بەدىنىدىن تىرقىراپ ھەر ئان.
زارلىماستىن تىغدەك قاددىلىپ،
تۇراتتى ئۇ گويا تاغسىمان.
كەمەر تېگەر ئىدى قاراسلاپ،
يىلان كەبى ئاچچىق تولغۇنۇپ.
كىرگەن ئىدى بىر ياش ئوفىتسىر،
چىدالمىدى بىرپەس ئولتۇرۇپ.
ئېتىۋالدى قولاقلىرىنى،
كۆزلىرىنى يۇمدى ئۇ مەھكەم.
«قاچان تۈگەر؟» دەيتتى سوراقنى،
تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۇ ھەم.
كەمەر تىنىماي تېگەر قاراسلاپ،
بوۋاي ئوغلى سانار بىر - بىرلەپ:
«ھە، مانا بولدى ئىككى يۈز...»
سوراق قىلار دۈشمەن دىۋەيلەپ:
«بىلمەيمەن!»
«ياق»
«ئېيتمايمەن»
تەكرارلار قىز ئاشۇ سۆزىنى.
تۇرار ئىدى قەد كېرىپ مەغرۇر،
ياۋۇزلارغا قاداپ كۆزىنى.
قاتتىق تاياق زەربىدىن بىراق
كەتكەن ئىدى ئۇنى بوغۇلۇپ.
قالدى جىمىپ قانىغان مۈشتەك،
كۆپ ئۆتمەيلا ئاغزى يۇمۇلۇپ.

× ×

قىزنى ئۆيەدىن چىقىشتى ھەيدەپ،
كۆرۈنمەيتتى كالتە جۇۋىسى.
قولاقچىسى، پېيمىسىمۇ يوق،
بولاپ كەتكەن نېمىس سولداتى.
يېلىڭ كوپتا كىيگەن ئۇستىگە،
يالاڭ ئاياغ ماڭاتتى قاردا.
ئاچچىق سوغۇق چاقار ھەردەك،
ماڭار ئىدى پۇتلىرى يارا.
چىشلەۋېرىپ ئازاب ئىلكىدە،
قاناپ كەتكەن قىزنىڭ لەۋلىرى.
ھەيدەر ئىدى تېپىپ، دۈشكەلەپ،
دۈشمەن شىلتىپ نەيزىلىرىنى.
قىز ماڭاتتى چىشىنى چىشلەپ،
ماڭلىيىدا قانىنىڭ ئىزلىرى...
تاپىنىدىن قان تېمىپ تەپچىپ،
ماڭاتتى قىز قېلىن قار كېچىپ...

× ×

ۋاسىلى كولىك قونغان ئۆيگە،
ئېلىپ كەلدى ئۇنى ئىتتىرىپ.
ئولتۇرغۇزدى تاختاي سۇپىغا،
كەتكەنىدى قىز ئۇسساپ، بەك ھېرىپ.
بىر يۇتۇم سۇ سورىغان ئىدى،
مازاق قىلدى قاراۋۇل كۈلۈپ.
يېتىپ كەلدى شۇ چاغ پاششىدەك،
بىر توپ سولدات يېڭىنى تۈرۈپ.
نوقىدى ۋە تەپتى پوكزەكتەك،
يۈزلىرىگە ياقتى سەرەڭگە.
بىرسى چىشلىق ھەردىنى ئېلىپ،

قاندىن چېچەك ئاچتى بەدەندە.
قىنىناۋېرىپ زېرىكتى ياۋلار،
ۋە ئۇيقۇغا مېڭىشتى مۇگدەپ.
نەيزە تەڭلەپ قاراۋۇل يەنە،
چىقتى قىزنى كوچىغا ھەيدەپ...

. . . × . . . . . × . . .

يۈپ - يۇمىلاق قوي كۆزلۈك،
ئوغلان باقار ئەينەكتىن،
ئالەمچە مۇز ئىچىدە.
كۆز ئالدىدا بىر چولپان،
يالغۇز كېچا، ئاپئاق قار،
سانسىز يۇلتۇز ئىچىدە.

. . . . . . . . . . . .

ئۇ ئۆسەر، ئۆيلۈك بولار،
ئۇنتۇلار كۆرگەنلىرىدىن.
بىراق مەڭگۈ ئۇنتۇلماس،
شۇ يۇلتۇزلۇق ئۇزۇن تۈن.
ئۇ ئېنتۇماس تا مەڭگۈ،
يالاڭ ئاياغ شۇ قىزنى.
شۇ قاراڭغۇ كېچىدە،
قارغا گۈل چەككەن ئىزنى.

. . . × . . . . . . × . .

قىز ماڭاتتى قارلىق كوچىنىڭ،
ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە.
ماڭاتتى ئۇ يېلىڭ - يالىڭاچ،
شاھىت ئىدى يۇلتۇزلۇق كېچە.
ماڭدى شۇنداق ئۇدا تۆت سائەت،
ماڭدى شۇنداق ئېغىتماي پەقەت.
مۇزلاپ كېتىپ قاراۋۇل ھەتتا،
ئۆيگە كىرىپ چىقتى قانچە رەت.
قاراۋۇلمۇ ئالماشتى ئاخىر،
يېرىم كېچە - سائەت ئىككىدە.

قىيسايدى قىز تاختاي سۇپىغا،
قەلبى سۈكۈت، خىيال ئىلكىدە:
ئۇ بىلەتتى ئۆلۈم نۆۋىتى،
كەلگىنىنى ئەمدى ئۆزىگە.
ۋەتەن ئۈچۈن ئەجەل دەھشىتى،
كۆرۈنمەيتتى ئەسلا كۆزىگە.
قويغان ئىدى جېنىنى ئاتاپ،
تۇرار شۇڭا مەزمۇت نەۋقىران.
باقار ئىدى ئاياغلىرىغا،
تاپانلىرى قاناپ، يېرىلغان.
قەلبى تولغان ئىدى ئەلەمگە،
سىغمايتتى ھېچ شۇ دەم قېنىغا.
ئاشۇ پەيتتە ئىشەنچ، ئېتىقات،
ئۈمىد نۇرى يار ئىدى ئاڭا...
ئەسلەر ئىدى ئانىسىنى ئۇ،
ئەسلەر ئىدى مەكتىپىنى ھەم،
ئەسلەر ئىدى گۈزەل يۇرتىنى —
ئۇلۇغ ئىلئىچ ھەيكىلىنى ھەردەم.
ئەسلەر ئىدى بالىلىقىنى،
غۇنچە پەيسلى...

ئۆتەر تىزلىپ...

ئەسلەر ئىدى تۇنجى بومبىنى،
ئىدى ئۇچاغ بەك ئەنسىزچىلىك...
ئۇلۇغ سەپكە ئاتلانغان ئىدى،
كۆكرەك كېرىپ تاغلار شۇدەم.
ناخشا تۇۋلاپ چوڭ كوچىلاردىن،
ئۆتكەن ئىدى تاشلىشىپ قەدەم.
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇزاق،
چاپقانتى ئۇ دوستلىرى بىلەن.
توپلانغاندا مەيدانغا قوشۇن،
ھەۋەس قىلىپ باققانتى زوقمەن...
كۆرۈنەتتى بىردىن كۆزىگە،

ترامۋايلار توختىغان مەيدان.
ئانا خوش! دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ،
ئۇنى سۆيۈپ باغرىغا باستان...
كېلەتتى گاھ ئېسىگە ئۇنىڭ،
كومسومولـلار يىغىن ئاچقان كۈن.
قولىقىدا مەردانە سۆزلەر —
چىن يۈرەكتىن جاراڭلىغان ئۈن.
خىياللىرى ئۇلىشار ئۇنىڭ،
ياتقان ئۆيگە كېلىپ ھايالسىز.
ئەسكە كېلىپ بولار خاتىرجەم،
« بىلمەيمەن »
« ياق »
« ئېيتمايمەن » دېگەن ياڭراق سۆز.
ئىسمى قىزنىڭ بولسىمۇ زويا،
« تانە » دېدى يوشۇرۇپ ھەتتا.

.....................................

☆

تانە،
مەن بۈگۈن بۇرسادا - زىندان ئىچىدە،
تۇردۇم مانا ئالدىمدا رەسىمىڭ.
سەن كىچىك، بۇرسانى بىلمەسسەن بەلكىم،
بۇرسا — بۇ مېنىڭ ئىللىق ۋەتىنىم.
تۇردۇم زىنداندا، ئالدىمدا رەسىمىڭ...
كەلمەسكە كەتتى سەن ئازابلانغان،
مىڭ توققۇز يۈز قىرىق بىرىنچى يىل.
كەلدى ئەلىنىڭ قەلبى شادلانغان،
خاسىيەتلىك قىرىق بەشىنچى يىل.
ئەمدى، سېنىڭ ئەزىمەت تاغلىرىڭ،
ئەمەس موسكۋا بوسۇغىسىدا،
جەڭ قىلىۋاتىدۇ بېرلىن دەرۋازىسىدا،
غەلىبە قۇچۇپ ھەردەم، ھەر نەپەس.
تانە،
سەن قانداق سۆيەك مەملىكەتتىكى،
مەنمۇ ئۆز ئېلىمنى سۆيىمەن شۇنداق.
سەن دارغا ئېسىلدىڭ ۋەتەن سۆيگەچكە،
مەن ياشىماقتىمەن، ياشايمەن، بىراق،
سېنىڭ ئۆلۈمىڭگە چىدايمەن قانداق.
ياشىدىڭ ئاز ۋاقىت ئارىمىزدا سەن،
قانىمىدىڭ كۈن نۇرى - يورۇق ئالەمگە.
ئۇن سەككىز ياشتا تۈزدى گۈلۈڭ،
يولۇقۇپ رەھىمسىز، مۇدھىش ئەجەلگە.

.....................................

تانە،
سەن دارغا ئېسىلغان ياش بىر پارتىزان،
مەن شائىر - قاماقتا باغرى ئېزىلگەن.
سەن مېنىڭ قىزىم ھەم سادىق سەپدىشىم.
رەسىمىڭگە تەلمۈرۈپ يېشىم تۆكمەن.
قارايمەن يۈزۈڭگە تىكىلىپ ئۇزاق:
قاشلىرىڭ ئىنچىكە، كۆزلىرىڭ بادام.
فوتو سۈرەتتىن مۇمكىنمۇ ئاخىر،
چىن ھۆسنۈڭ - رەڭگىڭنى چۈشىنىش تامام.
سېنىڭ كۆزۈڭدەك تىنىق كۆك كۆزلەر،
بىھېساب مېنىڭ كەڭ ۋەتىنىمدىمۇ.
چاچلىرىڭ نەقەدەر قىسقا قىرقىلغان،
دەل شۇنداق ياساتقان مېنىڭ ئوغلۇممۇ.
ماڭلىيىڭ كەڭ شۇنچە تولۇن ئاي كەبى،
ئاق سېرىق يۈزلىرىڭ سەل - پەل سوزۇنچاق...
بويۇنۇڭ خۇددى بالىنىڭكىدەك
قۇلاقلىرىڭ سەل - پەل ئۇزۇنراق...
تېخى قول تەگمىگەن ئاپئاق بويۇنۇڭغا،
قانداقمۇ سىرتماق بولسۇن مۇناسىپ؟!
بۇ نازۇك بويۇنغا دەل مۇشۇ پەيتتە،
ئاھ، تانە يارىشاتتى مەرۋايىت ئېسىپ...
چاقىردىم تورمىداش - سەپداشلىرىمنى،

سۆز قاتتى بىر - بىرلەپ رەسىمىڭگە قاراپ:
« شۇ ياشتا چىرايلىق قىزىم بار ئىدى »
«شۇ ياشتا سىڭلىم بار، رۇخسارى ئاپتاپ»
«شۇ ياشتا يارىم بارباغرى ئوت - كاۋاپ»
رەنجىمە تانە، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ.
چۈنكى سەن بىلمەيسەن، مېنىڭ ئېلىمدە،
ياتلىق بولىدۇ سەن ياشلىق قىزلار.
ئۇلار زاۋۇتتا، مەكتەپ، ئىنىتىزدا،
بىزگە ھەمنەپەس، سەپداش مەدەتكار...
........................................

تانە، سەن ئۆلدۈڭ،
ئۆلمەكتە قانچىلاپ ۋىجدانلىق ئىنسان.
كەچۈرگىن مېنى،
ئۆتمەكتە ئۆمرۈم بىھۇدە زايە.
بولماقتا ماكانىم قاراڭغۇ زىندان...
مېنىمۇ قىيىنىشتى ياۋلار كىشەنلەپ،
ۋە لېكىن مەنىلىك ياشايمەن ھامان......

× ×

تاڭ ئاتتى، تانەنى كېيىندۈرۈشتى.
يوق ئىدى ئۈستىدە كالتە جۇۋىسى.
يوق ئىدى بېشىدا قولاقچىسىمۇ،
يوق ئىدى پۇتىدا چاقتان پېيمىسى.
ئېلىپ كېلىشتى خالتىسىنى ھەم،
ئىچىدە بار ئىدى ئوق، تۇز، سەرەڭگە.
بوتۇلكىلارنى ئاسقان بوينىغا،
« پارتىزان » دەپ يازغان كۆكسىگە.

× ×

يېزا ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلدى بىر دار،
ئاتلىقلار شىلتىشار قىلىچلىرىنى.
سولداتلار ھالقا بوپ كېلىشتى ھەيدەپ،
يېزىنىڭ جەمى ياش - قېرىلىرىنى.
دەستلەپ قىيىنىشتى ئىككى يەشىكنى،
ئارقان ھاۋادا تۇراتتى لەيلەپ.
ئىلمەكلىك ئۇچى قىزنىڭ بوينىغا.
توغرىلاپ قويۇلغان بوغۇشنى كۆزلەپ.
قولىنى كەينىگە باغلىدى ماتاپ.
سىرتماقنى بوينىغا سېلىشتى چىڭقاپ.
قولىدا ئاپپارات ياش بىر ئوفىتسېر
تارتماقچى بولدى سۈرەتكە شۇتاپ
تانە سۆزلىدى كولخوزچىلارغا:
« قېرىنداشلار، خوش، بولۇڭلار ئامان.
كۆرەش قىلىڭلار تا ئاداققىچە،
غەلىبە بايرىقى قىلىدۇ جەۋلان...
ئۆرتەڭلار، دۈشمەننى كۆيۈپ كۈل بولسۇن.
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭلار ھامان!...»
بىر سولدات مۇش سالدى قىزنىڭ ئاغزىغا،
لىۋىدىن شورقىراپ ئاقتى ئىسسىق قان.
قانخور فاشىستقا ئوقىنەك قادىلىپ
سۆزلىدى غەزەپتە جەسۇر پارتىزان:
« بىز ئىككى يۈز مىليون خەلق،
ئىككى يۈز مىليوننى ئاسالمايسىلەر!
ئۆلىمەن ۋەتەن دەپ، بىراق كېچىكمەي،
كېلىدۇ شان قوچۇپ بىزنىڭ جەڭچىلەر.
تەسلىم بولۇڭلار، كېچىكمەيسىلەر...»
........................................

كولخوزچى ئانىلار يىغلاشتى ھۆكرەپ
جاللاتلار بىردىنلا تارتتى ئارقاننى.
قىز بوغۇق ئاۋازدا ئاخىرقى دەدە،
تۆۋەنگە ئېگىلىپ شۇنداق سۆز قاتتى:
« قېرىنداشلار، خوش، كۆرەش قىلىڭلار،
غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ ھەر قاچان!»
جاللات غەزەپتە تەپتى يەشىكنى،
تانە پۇلاڭلاپ، چايقالدى ئاسمان.

1945 - يىلى، بۇرسادا يېزىلغان.

# شۇنداق بىر ئەدەبىيات يارىتايلۇقكى...

### لېنىن ۋە س س س ر دۆلەت مۇكاپاتلىرىنىڭ لائۇرېئاتى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى چىڭگىز ئايتماتوۋ بىلەن سۆھبەت

— «ئىسسىق كۆل كېچىسى» ۋەكىللىرىنىڭ كىرىمىلدىكى قوبۇل قىلىنىشى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقاندا مەن سەمەرقەندتىكى چەت يېزىدا، بىر چوپان بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئىدىم. ئۇ، رۇسچىنى دېگەندەك بىلمەيتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا دىكتورنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ ئولتۇراتتىم.

— يازغۇچى دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا! پۈتۈن جاھاندىن ئادەملەرنى توپلىدى - دە! مانا ئەمدى ئىككى چىڭگىزنى كۆرۈڭ. بىرى قېلىچىنى يالىڭاچلاپ، دۇنيانى يەكسان قىلماقچى بولغانىدى. بىزنىڭ چىڭگىز بولسا، جاھان بويلاپ تىنچلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن .... — دەيتتى ئۇ تاڭلىيىنى چاكىلدىتىپ.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تاقەت قىلالمىدىم ۋە بوۋايغا:

— پات ئارىدا ئايتماتوۋنىڭ ئالدىغا بارماقچىمەن. نېسىپ بولسا، ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىمەن، — دېدىم مەن ھاياجانلىنىپ.

— كۆرۈشسەڭلار مەندىن، بارلىق يۇرتداشلىرىمدىن ئۇنىڭغا سالام ئېيتىپ قوي. دۇنيانى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىشتىكى ئىشىدا ئۇنىڭغا ئۇتۇق تىلە. يېڭى - يېڭى كىتابلىرى كۆپىيىۋەرسۇن، — دېدى بوۋاي.

— رەھمەت، ئەنۋەر، يولىڭىز چىقىپ، ئۇنىڭ كىگە يەنە بېرىپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى، ئەڭ ياخشى تىلەكلىرىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز.

*

— دېمىسىمۇ، ئىسسىق كۆل كېچىسى ئالەمشۇمۇل ۋەقە بولدى - دە! چىڭگىز ئۇراقۇلوۋىچ، ئۇنى تەشكىل قىلىش غايىسى قانداق ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا پەيدا بولغىنى يوق، ئەلۋەتتە. ئىشەنچىم كامىلكى، كېچە

نى تەشكىل قىلىش غايىسى دەۋرىمىزنىڭ رېئال ۋەقەلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ، ئۆزىدە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

توغرىسى، بۈگۈندىن ئون - يىگىرمە يىللار ئىلگىرى دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ جىددىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىن مەسلەكداشلارنى ئۆز ئۆيىمدە ئەنە شۇ تەرزدە توپلاش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەنىدى. مېنىڭچە، بۇ غايە دەل ۋاقتىدا پىشىپ يېتىلدى ۋە ئەمەلگە ئاشتى. گەرچە بىز تامامەن باشقا - باشقا ئادەملەر بولساقمۇ، سىياسىي - مەدەنىي تۈزۈملىرىمىز ئوخشاش بولمىسىمۇ، ھامان ئورتاق تىل تاپالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم. ياق، بۇ ئىشەنچ پەرەز ياكى تەۋەككۈلگە ئاساسلانغان ئەمەس. مەن بۇ ئادەملەرنىڭ كىملىكىنى، ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ ھوقۇق دەرىجىسىنى بىلەتتىم. ھە، مەن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلالمايدىغانلىقىنى يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە سېزەتتىم، چۈنكى مەن بۇ ئادەملەر بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان تونۇش ئىدىم. بىز تۈرلۈك خەلقئارا سورۇنلاردا پات - پات ئۇچرىشىپ، سۆھبەتلىشەتتۇق ۋە گېپىمىز كۆپىنچە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئەندىشىگە سېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئۆتەتتى. ئەنە شۇنداق سۆھبەتلەر ئارقىسىدا سەييارىمىزدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەشۋىشلەرنى سەگەكلىك بىلەن كۆرىدىغان، بىر - بىرلىرىگە قەلبى يېقىن ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدىغان غەيرىي رەسمىي بىر ئۇيۇشما قۇرۇشقا ئېھتىياج تۇغۇلدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئەمما بۇ سىياسەتچىلەر قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟

— دەرۋەقە، بۇ مەسىلىلەر بىلەن بىرىنچى بولۇپ، دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى، تۈرلۈك پارتىيىلەرنىڭ ۋەكىللىرى شۇغۇللىنىشى كېرەك. شۇنداقتىمۇ، دۇنيا پەقەت كېلىشىملەر ۋە شەرتنامىلەرنى تۈزۈشتىنلا ئىبارەت ئەمەسقۇ. مېنىڭچە، مەدەنىيەت ئەربابلىرى، بولۇپمۇ زىيالىيلار مەلۇم دەرىجىدە كەڭ ئاممىنىڭ ئوي - پىكرىنى بەلگىلەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى زىيالىيلار ئاددىي خەلقنىڭ، پۈتۈن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ياخشى مەقسەتلىرىنى گوياكى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئەڭ زور تەتقىقات ئوبيېكتى

ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئىجادىيەت، يەنى بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلارنى كۆزدە تۇتىۋاتىمەن. لېكىن تەبىئىكى، بۇنىڭغا پەن ۋە ئۇنىڭ بارلىق ساھەلىرى - ئېنىق پەنلەردىن تارتىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى زىيالىيلارمۇ كىرىدۇ. قىسقىسى، زىيالىيلار خەلقنىڭ شۇنداق بىر قاتلىمى ھېسابلىنىدۇكى، ئۇلار ئەڭ چوڭقۇر زىددىيەتلىك مەسىلىلەرنىمۇ ئىجابىي ھەل قىلىشقا قادىر رېئال كۈچتۇر. سىياسەتچىلەرمۇ ئۆز يېنىدا مۇشۇنداق ئىشەنچلىك تايانچ بولالايدىغان كۈچكە مۇھتاج. تۇزۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىن چىگىش بولۇپ، ھەربىي ستراتېگىيە تۈپەيلىدىن يەنىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقان قارىمۇ - قارشىلىقلار مەۋجۇت ئىكەن، بىۋاستە يۇقىرى دەرىجىلىك مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ بېرىش بەك قىيىنغا توختايدۇ. مانا بىز ھازىر × × ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق تىل تېپىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىنىۋاتقىنىغا گۇۋاھچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. سىياسەتچىلىرىمىزنىڭ قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ئالدىن تاماشىبىن سۆپىتىدە قول قوشتۇرۇپ كۆزىتىشكە ھەققىمىز يوق، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۆز ئارا ئورتاق تىل تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ۋە بىرلىكتە ئىشلەپ چىققان غايىلىرىمىزنى كەڭ جامائەتچىلىككە، جۈملىدىن سىياسەتچىلەرگە ھاۋالە قىلىشقا بەل باغلىدۇق. مەزكۇر كېڭەشنىڭ ئۇلى ئەنە شۇ ئاساستا قۇرۇلدى.

نۆۋەتتىكى گەپ بىزنى كىمدۇر بىرىنىڭ جەم قىلىشىدا قالغانىدى. بۇ ۋەزىپىنى كەمىنە قولىدىن كېلىشىچە ھۆددىگە ئېلىشقا ھەرىكەت قىلدى: جاھاندىكى مەشھۇر كىشىلەرگە تەكلىپنامىلەرنى يوللىدىم ۋە شۇلاردىن ئون بەش كىشى كەلدى.

— ئاز ئەمەسمۇ؟

— تۇنجى ئۇچرىشىشقا بۇنىڭدىن كۆپ ئادەم كېلىشىنى كۈتمىگەنىدىم. ئەمما شۇنداق ئادەملەر جەم بولۇشتىكى، ئۆز ساھەسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇقلىرى؛ شۇنداق ئادەملەر يىغىلدىكى، ھەتتا دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئۇلار بىلەن، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن ھېسابلىشىدۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتىپ ئولتۇرمايمەن. ئۇلار توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئاتتا مەلۇماتلار بېرىلگەنىدى.

بىز بەش - ئالتە كۈن داۋامىدا باش قوشتۇق. جۈملىدىن، ئىككى كۈن ئىسسىق كۆل بويىدا ئۆتتى. مېنىڭچە، ئاساسلىق پىكىرلەر ئەنە شۇ يەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن.

— دېمەك، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىسسىق كۆل كېچىشى» دەپ ئاتىلىپتۇ - دە - ؟ بۇ نامنى بىرىنچى بولۇپ كىم ئوتتۇرىغا قويدى؟

— بىز تۇنجى قېتىم فرۇنزېغا يېقىن جايدىكى تاغلىق رايون ئەلەرچىدە يىغىلىپ، يىغىنىمىزنى شەرتلىك هالدا «دوستلارنىڭ ئەلەرچىدىكى ئۇچرىشىشى» دەپ ئاتىغانىدۇق. يۇقىرىدا تەكىتلىگىنىمدەك، ئاساسىي سۆھبەت ئىسسىق كۆلدە بولۇپ ئۆتكىنى ئۈچۈن «ئىسسىق كۆل كېچىشى» دەپ ئاتىدۇق. هازىر بۇنى بىرىنچى بولۇپ كىم تەكلىپ قىلغانلىقى ئېسىمدە يوق. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ نام ئورتاق كېلىشىلگەن هالدا بېرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئىچكى تەلەپلىرىمىزدىن كېلىپ چىققان بۇ تەشكىلاتنى باش قوشۇشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق شەكلىنى ئىزلەش يولىدا قۇرۇپ چىقتۇق، بۇ خىل ئۇچرىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئىسسىق كۆل بويىدا تولۇق هېس قىلدۇق، چۈنكى بۇ قىسقىغىنە بىر نەچچە كۈن دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ جىددىي مەسىلىلىرىگە قارىتىلغان چوڭ - چوڭ سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. تەبىئىكى، بىز ئالدى بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت، تەلىم - تەربىيە، ئېكولوگىيە، سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالدۇق. قارىشىمچە، بىز بىر - بىرىمىزنى يېڭى - يېڭى مەلۇماتلار بىلەن بېيىتتۇق، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇردۇق.

كېچىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى گورباچېۋ بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ كۆرۈشۈش ئۈچ سائەتچە داۋام قىلدى. بىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە كۆتۈرۈپ چىقىشقا بەل باغلىغان مەسىلىلەرنىڭ مەركىزىي كومىتېت سېكرېتارى تەرىپىدىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەنگەنلىكى روھىمىزغا مەدەت بېغىشلىدى. ئۇچۇقىنى ئېيتىش كېرەككى، بىر قىسىم كىشىلەر بىز باشلىغان بۇ ئىشنى توغرىمۇ - خاتامۇ، دەپ ئىككىلەنگەنىدى. كرېملدىكى قوبۇل قىلىش بۇنداق ئىككىلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىكنى يوققا چىقاردى. بۇ كۆرۈشۈش كىم قەيەردە ياشىمىسۇن، تەشۋىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئوخشاش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

— كېچىشنىڭ نىزامنامىسى، مەتبۇئات ئورگىنى بارمۇ؟

— نىزامنامىسى يوق، چۈنكى بىز مۇستەقىل راۋاجلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەركىن، تەشەببۇسكار گۇرۇپپا. سىز «ئىسسىق كۆل كېچىشى» نىڭ بايانا-تىنى ئوقۇغىنىڭىزدا دىققەت قىلغان بولسىڭىز كېرەك، ئۇ بايانات ئۆزىگە خاس بولۇپ، هېچكىمگە مەسئۇلىيەت يۈكلىمەستىن، يولىيورۇقسىز يېزىلغان. باسما ئورگىنىمىزمۇ يوق. بىز كېچىشىمىزدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن تەشكىلاتلاردىن نۇسخا كۆچۈرمەسلىكىمىز كېرەك.

— «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» نىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بار ئىكەن. بۇ ئورگان فرونزېدىمۇ؟

— ھە، بار. موسكۋادا. ئۇنىڭ مەسئۇل خادىمى كېڭەشنىڭ خەت ئالاقىلىرىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

موسكۋادا «يادروسىز دۇنيا ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن!» خەلقئارالىق يىغىن ئېچىلىۋاتقاندا «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» نىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى. گەپ شۇنىڭدىكى، كېڭەشىمىزنىڭ كۆپچىلىك ۋەكىللىرى موسكۋا خەلقئارا يىغىنىغا قاتناشتى. بىز ئۆز مەجلىسىمىزدە پات ئارىدا بېجىرىشىمىز لازىم بولغان ئىشلارنى كېلىشىۋالدۇق. پېتېر ئۇستىنوۋنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن كېڭەشنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنى بۇ يىل كۈزدە جەنۋە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

— موسكۋا يىغىنى تۈزۈلمىسى جەھەتتىن سىلەرنىڭ كېڭەشلىرىڭلارغا ئوخشامدۇ؟

— نېمە دېسەم بولىدىكىن. موسكۋادىكىسى بىر قېتىملىقلا يىغىن. ئۇ «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» گە ئوخشاش دائىمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى تەشكىلات ئەمەس. لېكىن شۇنى ئېيتماقچىمەنكى، «ئىسسىق كۆل كېڭەشى» نىڭ مودېلى موسكۋا يىغىنىغا ئاساس بولدى. ئېيتايلۇق، ئۇنىڭ ئىشتىراكچىلىرىمۇ شەخسىي تەكلىپ پرىنسىپىدا يىغىلدى، يەنى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئاتاقلىق كىشىلەرنى ئېلىمىزدىكى سەنئەت، ئەدەبىيات، پەن نامايەندىلىرى شەخسەن مېھمان چاقىرىشتى.

— گارسىيا ماركېس فرونزېدىمۇ، موسكۋادىمۇ كۆرۈنمىدى. تەكلىپ قىلىنمىغانمىدىڭلار؟

— شەخسەن ئۆزۈم كېڭەشىمىزگە تەكلىپ قىلغانىدىم. ئەمما، تەكلىپ قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسىلا كېلەلىشى ناتايىن. ۋاقتى بولماسلىقى ياكى بىرەر ئىشى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

— كېڭەشلەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش زۆرۈر دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب نېمە؟

— مەكتەپلەردىكى ھازىرقى تەلىم تەلەپكە ئۇيغۇنمۇ، دېگەن مەسىلە كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا. شۇ ھەقتە جىددىي ئويلاش كېرەككى، مەكتەپلەردىكى تەلىم كەلگۈسىدىكى ئېھتىياجلارنى قاندۇرالامدۇ؟ مەكتەپ كەلگۈسىدە ئىنسانىيەت ھاياتىدا سادىر بولىدىغان زور ئۆزگىرىشلەرگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ھايات، ئىشلەپ-

چىقىرىش ۋە ئۇچۇر ئىلمىدە يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشالامدۇ؟ ھازىر شۇ نەرسە بارغانسېرى روشەنلىشىپ قېلىۋاتىدۇكى، بىر سىنىپتا ئوتتۇز - قىرىق بالىنىڭ تەلىم ئېلىشى، يەنى سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھەددىدىن ئارتۇق تولۇپ كېتىشى ۋە ھەر قىرىق بەش مىنۇتتا پەن بويىچە مۇئەللىملەرنىڭ ئالمىشىشى كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈم بەرمەيۋاتىدۇ. نېمە دېگۈلۈك، مەكتەپلەردە شۇ تەرزدە ئىش ئېلىپ بېرىش سىستېمىسى ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتنىڭ مابەينىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ - دە.

— دېمەك، سىزلەر ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان باشقا بىر سىستېما ئىشلەپ چىقىدىكەنسىزلەر - دە؟

— ياق. بىز مۇتەخەسسىس ئەمەس. شۇڭا ھېچقانداق سىستېما ئىختىرا قىلالمايمىز.

— ئۇنداقتا...

— بىز مەسىلە قويىمىز ۋە شۇ مەسىلىگە، ئۇنى ھەل قىلىش يولىغا كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىمىز.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، مائارىپ ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى زور ۋەزىپىلەر تۇرماقتا. چۈنكى ھەر بىر ساھەدە، ھەر بىر پەندە ئۆزىگە خاس مۇتەئەسسىپلىك «جۇغلانمىسى» بولىدۇ. بۇ ھال ئەسلىدىن ئىنسانىيەتكە خاس بولۇپ، يېڭىلىققا قەدەم تاشلىغان ئادەمزاتنىڭ يەلكىسىدە ئىختىيارسىز ھالدا مۇتەئەسسىپلىك يۈكى بولىدۇ. مەكتەپلەردىكى ئوقۇتۇشنىڭ قالاقلىقى ئەنە شۇ يۈكنىڭ ئەڭ چوڭ قىسمىدۇر.

— سىز پۈتۈن دۇنيادىكى مەكتەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلەۋاتامسىز؟

— ھەئە. بىزدىكىلەرنىمۇ، ئامېرىكىدىكىلەرنىمۇ. بەلكىم ئامېرىكا ۋە ياۋروپا مەكتەپلىرى تېخنىكىلىق قوراللىنىش جەھەتتە نىسبەتەن ياخشىراقتۇر، ئۇ يەرلەردىكى كۆپچىلىك ئوقۇش ئورۇنلىرىدا ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ قوللىنىلىدۇ. توغرا، ھېسابلىغۇچ بىزنىڭ ئايرىم مەكتەپلىرىمىزدىمۇ بار، ئەمما تېخى ناھايىتى ئاز. ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچ پۈتۈن دۇنيادىكى مەكتەپلەردە ئومۇملاشمىسا، قالاقلىق يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. كېڭىشىمىزدە ئەنە شۇ ھەقتە سۆز بولدى.

— كېڭەش قاتناشچىلىرى ھېچقانداق كۈنتەرتىپى بولمىغان ھالدا سۆزلىشىپتۇ، يەنى كىم قانچىلىك خالىسا، شۇنچىلىك سۆزلەپتۇ. ئامېرىكىلىق فۇتۇرولوگ① ئولۋىن توفلېر ئىككى سائەت سۆزلەپتۇ، تەبىئىيكى، ئۇ ئۆز كەسپىنىڭ

① فۇتۇرىزم - تەسۋىرىي سەنئەت ۋە شېئىرىيەتتە رېئاللىزمنى ئىنكار قىلىپ، شەكىلنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئېقىم.

تەقەززاسى بويىچە، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى بىشارەت قىلغان بولسا كېرەك؟ ئۇنىڭ ئاشۇ بىشارىتى سىر ئەمەستۇر؟

— دەرۋەقە، بۇ ئالىم ئۇزۇن سۆزلىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەپ بىشارەت بەرگەنلىكىنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما شۇ نەرسە ئېسىمدىكى، توفلېرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسى دۇنيا ئىنتايىن مۇرەككەپ مەنزىرىلىك بولىدىكەن.

— ئۈمىدلىك مەنزىرىمۇ؟

— نۇرلۇق ياكى قاراڭغۇ دەپ ئېنىق ئېيتىشقا بولمايدۇ. توفلېر بيۇروكراتىزمغا مايىللىقى بولغان تۈزۈمنىڭ، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىنسانىيەت تەرەققىياتى يولىدىكى توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق ستراتېگىيىلىك قۇرۇلمىدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى.

— ئۇ، ئاشۇ توسالغۇدىن قانداق قۇتۇلۇش ھەققىدە كونكرېت پىكىرلەرنى ئېيتتىمۇ؟

— ئېيتمىدى. چۈنكى بۇ بىر شىلتىپلا ھەل قىلىۋەتكىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە. ئىنسانىيەت بيۇروكراتىزم پاتقىقىدىن ھېچقاچان بىر سەكرەپلا چىقىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى ئۇ يەردىن ئاستا - ئاستا چىقىدۇ.

— كېڭەش قاتناشچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر قىسىم مەسىلىلەردە كەسكىن كېلىشەلمەسلىكلەرمۇ بولغاندۇر؟

— ئارىمىزدا ئۇنچىلىك چوڭ كېلىشەلمەسلىكلەر بولدى دېيەلمەيمەن. ھەر بىرىمىز ئۆز تەجرىبىمىز، ئۆز ئېتىقادىمىزدىن چىقىپ سۆزلىدۇق. يەنە توفلېرغا كېلەيلى، ئۇنىڭ پىكرىچە، ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىلىم - پەن ئىنقىلابى تۈپەيلىدىن يەر يۈزىدە ئەمگەك كۈچىگە بولغان تەلەپ ناھايىتى كەسكىن كېمىيىپ، ئاخىرى كۆپچىلىك ئىشسىز قالىدىكەن، توفلېرنىڭ تەرىپىچە، ئىشسىز قالغان «ئارتۇقچە ئادەملەر»نى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئالىم ئەنە شۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ھەقتە تۈرلۈك تەخمىنلەر ئېيتىلدى. ئامېرىكىلىق يازغۇچى جېيمس بولدۇيىن بىلەن توفلېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇ «ئارتۇقچە ئادەملەر» ئاتالغۇسى ئۈستىدە قىزغىن مۇنازىرە بولدى. بولدۇيىن بۇ ئاتالغۇغا قارشى چىقتى. «ئارتۇق ئادەم» سۆزىنى دۆتلەق ئىشلەتمەسلىك كېرەك، چۈنكى بۇ ئىنسانىي كەمسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئادەملەرگە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن يېقىنلىشىش كېرەك. ھېچكىم ھېچقاچان، بولۇپمۇ مۇشۇ ئەسىرىمىزدە

ئۆزىنى ئارتۇقچە ياكى كېرەكسىز دەپ ھېسابلىمايدۇ. دۇنياغا قەدەم قويغان ھەربىر ئىنسان ئۆزىنى كېرەكلىك دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇ ئۆز - ئۆزىدىن خاتا. يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە سانائەتلەشىش شارائىتلىرىدا ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان باشقا بىر خىل ئاتالغۇ تېپىش زۆرۈر — دېدى ئۇ. يەنە بىر قېتىم تەكىتلەيمەنكى، بىزنىڭ مۇنازىرىلىرىمىزدە ئۆتكۈر قارىمۇ-قارشىلىقلار بولمىدى. بىز شۇنداق بىر ھالەتنى شەكىللەندۇرۇشكە تىرىشتۇقكى، بىر ھەمسۆھبەت ئىككىنچىسىنىڭ ماۋزۇسىغا گويا بىر يۇمشاق كۆۋرۈك ئارقىلىق ئاستا ئۆتۈۋەردى.

— كېڭەشكە مەملىكىتىمىزدىن كىملەر قاتناشتى؟

— موسكۋادىكى كۆرۈشۈشكىچە ئىككى كىشى ئىدۇق: مەن ۋە ياش مەسلىھەتچى سوپېتىدە خىزمەت قىلغۇچى تاجىكىستانلىق پەيلاسوپ ئەكبەر تۇرسۇنوۋ. موسكۋا يىغىنىدىن كېيىن تەشكىلاتىمىزغا س س س ر خەلق ئارتىسى مىخايىل ئۇليانوۋمۇ ئەزا بولدى.

— بۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى سىز بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا جۇمھۇرىيىتىدىكى ئېرقچىلىققا قارشى كۈرەش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس يىغىنىدا ۋە ئامېرىكا تىنچ ئوكيان «پاسىفىك» رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىڭىزدا ئېرقچىلىققا قارشى كۈرەشكە ئائىت كۆپلىگەن دادىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدىڭىز. ئېيتىڭا، شۇنداق كۈرەش «ئىسسىق كۆل كېڭىشى»نىڭ پروگراممىسىغىمۇ كىرگۈزۈلدىمۇ؟

— يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، كېڭىشىمىزنىڭ يىغىنلىرى ئاساسەن ئەركىن پىكىر قىلىش خاراكتېرىدە ئىدى. شۇڭا، ئېرقچىلىققا قارشى كۈرەش بىزنىڭ ئۇچرىشىشلىرىمىزدا تولۇق مەناسى بىلەن ئەكس ئەتمىدى. توغرا، مەن ۋە كېڭىشىمىزنىڭ باشقا ئەزالىرى ئېرقچىلىقنى بىر ئىللەت دەپ قارايمىز. بىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىمىز جەمئىيەت قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىنسانىي ئىنسانلىقىغىچە تونۇش مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

— بۇ يىلنىڭ بېشىدا پارىژدا سىز «ئىسسىق كۆل كېڭىشى»نىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرىنى باشلاپ، ب د ت م پ م كومىتېتىنىڭ ① رەھبەرلىرى بىلەن، جۈملىدىن ئۇنىڭ باش مۇدىرى ئامادۇ ماختار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە مۇزاكىرىلەشكەنىدىڭىز. شۇنىڭ يەكۇنى قانداق بولدى؟

① بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ۋە مەدەنىيەت كومىتېتى.

(ئاخىرى 28 - بەتتە)

### ھۆرمەتلىك كىتابخان!

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 1987 - يىلى پەسىللىك نەشر قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1988 - يىلىدىن باشلاپ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇبتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك پرىنسىپنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ۋە ياش يازغۇچى، ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شەھىرىمىزنىڭ شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشقا تىرىشىدۇ.

ژۇرنالنىڭ پارچە باھاسى 70 پۇڭ، يىللىق باھاسى تۆت يۈەن 20 پۇڭ. ۋەكالەت نومۇرى 58 — 83. جايلاردىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ تىزىملاتسىڭىز، ژۇرنالنى خىزمەت ئورنىڭىزغا ياكى ئائىلىڭىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

تەھرىر بۆلۈم

## «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئىسلاھات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ؛ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ. ھەرمىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» مول كۆپ خىل مەزمۇنغا ئىگە، جانلىق، ئېتىك بولۇش شەكىللىرى ئارقىلىق مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا، مۇشتەرىلەرگە ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتىنى، تەڭرىتاغ مەنزىرىلىرىنى، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى قەھرىمانانە ئىشلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ «چولپان» ئەدەبىيات بېتىدە ھەرخىل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىش بىلەن بىللە «يۇرتىمىز تارىخىدىن»، «مەشھۇر زاتلار»، «ئۆچمەس مىراس»، «كۆزنەك»، «سۆزلۈك بۇلاق» ۋە «مایاك» قاتارلىق كۆپ خىل سەھىپىلەر ئېچىلغان. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ھەپتىدە ئالتە سان چىقىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. 1988 - يىل 1 - يانۋاردىن ئېتىبارەن ئايلىق باھاسى 1.00 يۈەن، پارچە باھاسى تۆت پۇڭ بولىدۇ.

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 57 — 31

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ئىلھام جەلال فوتو سۈرەتلىرى




ئەل نەغمە

ئاجايىپ ماھارەت


▽






△

چەۋەنداز



ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش



《天尔塔格》文学季刊

（天山维文版）

تەڭرىتاغ پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنىلى

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدى.

编辑出版：《天尔塔格》编辑部

تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى.

地　址：乌鲁木齐市新华南路16号　电话：78897

ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر. تېلېفون: 78897

印　刷：乌鲁木齐市第十四中学印刷厂

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

国内统一刊号 CN65—1012／I

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1012／I

发行范围：国内公开发行

مەملىكەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ.

邮局代号58—83

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—83

零售价：0.50元

پارچە باھاسى: 50 پۇڭ